ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ..................... 3
ئۆمەر ئىبن ئەلخەتتاب ..................... 6
ئوسمان ئىبن ئەففان ..................... 9
ئەلىي ئىبن ئەبى تالىب ..................... 12
سەئىيد ئىبنى ئامر ئەلجۇمەھى ..................... 15
ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە ئەسسەھمى ..................... 35
ئۆمەير ئىبنى ۋەھب ..................... 44
بەرا ئىبنى مالىك ئەنسارى ..................... 50
ئۇممۇسەلىمە ..................... 58
سۇمامە ئىبنى ئۇسال ..................... 68
ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارى ..................... 76
ئەمرۇبنۇل جەمۇھ ..................... 77
ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ..................... 85
ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ..................... 94
ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ..................... 102
سالمان پارسى ..................... 112
ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھل ..................... 121
زەيدۇلخەيرى ..................... 132
ئەدىي ئىبنى ھاتەم ئەتتائىي ..................... 141
ئەبۇزەررىلغەففارى ..................... 149
ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇب ..................... 157
مەجزە ئەتوبۇ سەۋرەس سەدۇسى ..................... 164
ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ..................... 171
ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس ..................... 180
نوئمان ئىبنى مۇقەررەبىل مۇزەينى ..................... 192
سۇھەيب رۇمى ..................... 200
ئەبۇ دەردا ..................... 206
زەيد ئىبنى هارىس ..................... 217
ئۇسامە ئىبنى زەيد ..................... 225
سەئد ئىبنى زەيد ..................... 233
ئۆمەير ئىبنى سەئد (1) ..................... 240
ئۆمەير ئىبنى سەئد (2) ..................... 247

www.munber.org

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ..... 255
جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ ..... 263
ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ..... 276
سەئد ئىبنى ۋەققاس ..... 285
ھۇزەيفە ئىبنى ياماني ..... 293
ئۇقبە ئىبنى ئامىر جۇھانى ..... 302
ھەبىب ئىبنى زەيد ئەنسارى ..... 309
ئەبۇ تەلھە ئەنسارى ..... 317
رەملە بىنتى ئەبى سۇفيان ..... 325
ۋەھشى ئىبنى ھەرب ..... 332
ھەكىم ئىبنى ھەزام ..... 339
ئەبباد ئىبنى بەشىر ..... 345
زەيد ئىبنى سابىت ..... 351
رەبىئە ئىبنى كەئەب ..... 357
ئەبۇ ئاس ئىبنى رەبىيئە ..... 365
ئاسىم ئىبنى سابىت ..... 373
سەفىيە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىپ ..... 379
ئۇتبە ئىبنى غەزۋان ..... 387
نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ..... 395
خەبباب ئىبنى ئەرتتى ..... 405
رەبىئە ئىبنى زىياد ھارىس ..... 413
ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ..... 421
سۇراقە ئىبنى مالىك ..... 429
فايزۇرۇد دەيلەمىيئۇ ..... 438
سابىت ئىبنى قەيس ئەنسارى ..... 446
ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى ..... 453
تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ تەيمىيە ..... 461
ئەبۇ ھۇرەيرە دەۋسى ..... 469
سەلەمە ئىبنى قەيس ئەشجەئى ..... 479
مۇئاز ئىبنى جەبەل ..... 486

www.munber.org

## ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

(ۋاپاتى ھىجرىيەنىڭ 13 ـ يىلى)

ئىسمى: ئابدۇللاھ ئىبىن ئەبى قەھافە ئوسمان ئىبىن ئامىر ئىبىن كەئىب ئەلسىددىق ئەتتەمىمى ئەلقۇرەشى بولۇپ، ئەسسىددىق ۋە ئەلئەتىيق دەپ لەقەبلەنگەن.

مەككىدە توغۇلۇپ، ئۆسكەن. قەبىلىلەرنىڭ نەسەپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى ئۈز ئىچىگە ئالغان قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىلىرىدىن بولۇپ، ئەرەبلەر ئۇلارنى قۇرەيشلەر ئالىمى دەپ ئاتايتتى.

تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مال ـ دۇنيا توپلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن چاغدا، ئۇنىڭغا تۇنجى ئىمان كەلتۈرگەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ھىجرەت قىلغان. غاردىكى ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مەسجىد نەبەۋىگە يېقىن بىرگە ئولتۇراقلاشتۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بەدر ۋە ئۇھۇد غازاتلىرىغا قاتناشقان، باشقىلارنىڭ گۇۋاھلىق بەرگىنىدەك، مۇسۇلمانلار چېچىلىپ كەتكەندىمۇ سابىت قەدەم تۇرغان. تەبۇك غازىتىدا بايراقنى كۆتۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىسلامدىكى تۇنجى ھەجگە مەسئۇل قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا: «ئەبۇ بەكرنىڭ قىشىغا بېرىڭلار، كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسۇن. دېۋىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى، رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ بەكر كۆڭلى يۇمشاق كىشى، ئەگەر سىلى قىلىدىغان ئىشنى قىلسا، كىشىلەر ئۇنى ئاڭلىيالمايدۇ ـ دېدى. پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام: ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسۇن!... دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تېنى ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بىر چاغدا مەسجىدكە كىردى، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كىچىكتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: داۋاملاشتۇرىۋەر! دەپ ئىشارەت قىلدى ۋە ئەبۇ بەكرىگە ئىقتىدا قىلىپ، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. مانا بۇ، ئەبۇ بەكرىگە قىلىنغان ئىززەت - ئىكراملار قاتارىدىن بولۇپ سانىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا مۇسۇلمانلار قالايمىقان بولۇپ كەتكەندىمۇ، ئەبۇ بەكرى مۇقىم مەيداندا، مۇستەھكەم تۇردى ۋە باشقىلارنىمۇ ھەقىقەتكە قايتۇرۇپ كەلدى.

ھىجرىيەنىڭ 11 - يىلى ئۇنى خەلىپە دەپ ئېتىراپ قىلىپ، مۇسۇلمانلار بەنى سەقىيفەدە بەيئەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىرلىغان ئۇسامىنىڭ قوشۇنىنى يولغا سېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنىڭ داۋامىنى ئىجرا قىلدى. مۇرتەدلەر ۋە زاكات بېرىشكە قارشى چىققۇچىلارغا قارشى جەڭ قىلدى. ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە شام ۋە ئىراقنىڭ كۆپ قىسمى فەتھى قىلىندى. ئۆزىدىن كېيىن، ئۆمەرنىڭ خەلىپە بولۇشىنى تەۋسىيە قىلدى.

ئۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ نامازلىرىدا ئىمامى، جۈمەلەر، ھېيتلار ۋە مەۋسۇملاردا خەتىبلىرى ئىدى.

ئۇنىڭ ئىنتايىن يۈكسەك ئەسلىمىلىرى بار، ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە ھاراقتىن ئۆزىنى چەكلىگەن، ئىسلامدىن كېيىن، بارلىق ماللىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان، ئېغىرچىلىق ۋە مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مەن ئۇچۇن

www.munber.org

ئەبۇ بەكرىدىن كېيىن، ھىجرىيەنىڭ 13 ـ يىلى خەلىپىلىك ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، ئۇ بىر ئىخلاسمەن مۆمىنىنىڭ كۈچى، غەيرەتلىك بىر ئىنساننىڭ ئىرادىسى بىلەن مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلدى. كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت ئورنىتىلىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىدا فەتھى قىلىنغان جايلار كۆپەيدى. شام، ئىراق، ئىران، مىسىر، جەزىرە ۋە باشقا جايلارنىڭ فەتھى قىلىنىشى ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

ئۇ، ھىجرىيە تارىخىنى تۇنجى ئوتتۇرىغا قويغان، تۇنجى مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇل مالىنى تەسىس قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە كىشىلەرنى تەراۋىھ نامىزىغا توپلىغان ۋە ئورگان تەسىس قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان كىشى ئىدى.

ئۇ ئىشلەتكەن خىزمەتچى ۋە ۋالىلارنى قاتتىق كونترول قىلىدىغان بولۇپ، ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلانغان ياكى ئالماشقان چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكىدىن ھېساپ ئالاتتى. ھىجرىيەنىڭ 18 ـ يىلى ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندە، نان بىلەن مايدىن باشقا ھېچ نەرسە يېمەي، تىرىلىرى قارىداپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ”كىشىلەر ئاچ قېلىپ، مەن توق يۈرىدىغان ئۇنداق باشلىقلىقتا ۋاي..“

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان، ئۇنىڭدىن، ئەلىي ئىبنى ئەبى تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلمەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببااس، ئەبۇ ھۇرەيرە، خىزمەتكارى ئەسلەم ۋە باشقا ساھابىلەر رىۋايەتلەرنى قىلغان.

خەلىپىلىك مەزگىلىدە، جۈمە، ھېيت ۋە باشقا نامازلاردا مۇسۇلمانلارغا ئىماملىق قىلىپ بەرەتتى.

www.munber.org

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىگىز كىشى بولۇپ، كۈچلۈك دىندار، كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك، ناھايىتى تەقۋا، ئىلىم دائىرىسى كەڭ، قولى پاكىز كىشى ئىدى. ئۇزۇكىنىڭ نەقىشىگە: ”ئى ئۆمەر! ۋەز - نەسىھەت ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ ئۆزى كۇپايە“ دەپ ئويدۇرۇۋالغان ئىدى.

ئۇنىڭ نۇرغۇن نەتىجە ۋە پەزىلەتلىرى بار:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ”ئۆمەردىن شەيتان قاچىدۇ“ (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

سەئد ئىبىن ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: ”نەپسى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بىر جىلغىدا ماڭساڭ، شەيتان ساڭا ئۇچراشماي، باشقا بىر جىلغىدىن ماڭىدۇ“ بۇخارىي رىۋايىتى.

ئۇنىڭغا تەۋە مەشھۇر كارامەتلەر بار ئىدى: ”سارىيە ئىبىن زەنىمغا، ئۇ ناھاۋەند دەرۋازىسى قېشىدا چېغىدا خىتاب قىلسا، سارىيەنىڭ ئۇ خىتابنى ئاڭلىغان ئىدى.“

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيەنىڭ **23** - يىلى، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە، مۇغىيرە ئىبىن شۆئبەنىڭ قۇلى ئەبى لۇئلۇئ ئەلمەجۇسىنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئۇنىڭغا پىچاق ئۇرغان. ئۇ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋاپات بولغان بولۇپ، بەقىئ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

www.munber.org

# ئوسمان ئىبن ئەففان

(ھىجرىيىدىن 47 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 35 ـ يىلى ۋاپات بولغان)

تولۇق ئىسمى: ئوسمان ئىبن ئەففان ئىبن ئەبى ئەلئاس ئىبن ئۇمەييە، ئەبۇ ئابدۇللاھ، زۇننۇرەيىن، ئەلقۇرەشى ئەلئۇمەۋى بولۇپ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئۈچىنچى خەلىپە، جەننەتتىن بىشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى ۋە ئىسلامغا دەسلەپ كىرگەنلەر قاتارىدىكى كىشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى رۇقىيەنى ئۇنىڭغا بەرگەن. ئۇ، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان. كېيىن قايتىپ كېلىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان.

بەدر غازىتىغا قاتنىشالمىغان؛ چۈنكى، ئايالى ئىنتايىن ئېغىر كېسەل بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئايالىغا قاراشقا بۇيرىغان (ئايالى شۇ قېتىملىق كېسەلدە ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۇقيا ئېتىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن، بەدرگە قاتناشقان كىشىلەر بىلەن باراۋەر بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىككىنچى قىزى ئۇممۇ كۇلسۇمنى ياتلىق قىلىپ قويغان. ئۇممۇ كۇلسۇم ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر، ئۈچىنچىسى بولغان بولسا، ساڭا ئۆيلەپ قويغان بولار ئىدۇق، دېگەن.

ئۆمەر ئىبن خەتتاب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلىپىلىككە بەيئەت قىلىنغان.

ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە: ئەرمىنىيە، كاپكاز، خۇراسان، كەرمان، سەجىستان، ئافرىقا ۋە قىبرىسلار فەتھى قىلىنغان.

www.munber.org

ئۇ، قۇرئاننى جەمئى قىلىش ئىشىنى تاماملىغان. ئەبۇ بەكرى توپلىغان قۇرئاننى كۆچۈرۈۋېلىپ، قالغانلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئۇ، بىرىنچى ئەزاننى ئوقۇشقا بۇيرىغان تۇنجى كىشى، ھېيتنىڭ خۇتبىسىنى نامازنىڭ ئالدىغا سۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ساقچى تەيىن قىلىش، مەھكىمە تۇرغۇزۇش ئىشلىرىنى تاماملىغان.

ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نۇرغۇن ئۇتۇقلىرى بار: ئەسىرە قوشۇنىنىڭ يېرىمىنى ئۆزىنىڭ مەبلىغى بىلەن تەييارلىغان( ئۈچ يۈز خېچىرنى ئەگەر- جابدۇقلىرى بىلەن بىرىپ، يەنە مىڭ دىنار ئىئانە قىلغان.) ئۇ يەنە روما قۇدۇقىنى سېتىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارغا ۋەقى قىلىپ بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ توغرىسىدا: ”ھەر قانداق پەيغەمبەرنىڭ ھەمراھى بولىدۇ- جەننەتتە دىمەكچى- مىنىڭ ھەمراھىم ئوسمان“ دېگەن.

ئۇ يەنە، ئاللاھ تائالانىڭ: ”ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز“ دەپ ئايەت نازىل بولغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكر، ئۆمەر ۋە ئوسمان (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) لار بىلەن ئۇھۇدنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ئۇھۇد تىترەپ كېتتۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۇھۇد، تىترىمە! سېنىڭ ئۈستۈڭدىكىلىرى پەيغەمبەر، سىددىق ۋە ئىككى شەھىددىن ئىبارەت“ دېگەن.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىدىكى ئىمامى ۋە خەلىپىسى ئىدى. نامازلىرىدا ئىمام بولۇپ بېرەتتى. جۈمە كۈنلىرى، ھېيتلار ۋە ھەج مەۋسۇملىرىدا خۇتبە ئوقۇيتتى.

www.munber.org

خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىدە، پىتنە يۈز بەرگەن. ئۇنىڭ بىر قىسىم تۇققانلىرىنى بەزى مەنسەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى سەۋەپلىك ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلغان. بۇ پىتنىنى ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ ئىسىملىك بىر يەھۇدى قوزغىغان. نەتىجىدە، مىسىر، كۇپە، بەسرە قاتارلىق جايلاردىن ۋەكىللەر كىلىپ، ئۆينى قورشاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىغان سۇيىنى توسۇۋالغان ۋە نامازغا چىقىشىدىنمۇ چەكلىگەن. ئۇلارنىڭ تەلىۋى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكتىن ئىستىپا بېرىشىنى ئىدى. ئەمما، ئۇ بۇنداق قىلىشنى رەت قىلدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭغا:” ئي، ئوسمان! ساڭا ئاللاھ بىر كۆينەك كەيگۈزۈپ قېلىشى مۇمكىن، ئەگەر، سېنى ئۇنىڭدىن ۋاز كىچىشكە زورلىسا، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىگىن“ دېگەن ئىدى.

پىتنە چىقارغۇچىلارغا شامدىن ئوسمان ئىبنى ئەففاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قوشۇن كىلىۋاتقانلىق خەۋىرى يىتىپ كەلگەچكە، ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، قۇرئان ئوقۇۋاتقان يېرىدىلا ئۆلتۈرىۋەتتى. بۇ ۋاقىت، ھىجرىيەنىڭ 35 - يىلى، زۇلھەججە ئېيى ئىدى. ئۇ - ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن - بەقىئ قەبرىستانلىقىغا دەپىن قىلىندى.

www.munber.org

# ئەلىي ئىبن ئەبى تالىب

**(ھىجرىيەدىن بۇرۇن 21 يىل توغۇلۇپ، ھىجرىيەنىڭ 40 ـ يىلى ۋاپات بولغان)**

تولۇق ئىسمى: ئەلىي ئىبن ئەبى تالىب ئىبن ئابدۇلمۇتەللىب ئىبن ھاشىم، ئەبۇل ھەسەن ۋە ئەبۇ تۇراب ئەلھاشىمى ئەلقۇرەشى بولۇپ، ئاپىسى: فاتىمە بىنت ئەسەد ئىبن ھاشىمدۇر.

ئۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قىزى فاتىمە ئەلزوھرانى ياتلىق قىلغان. ئۇ، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) لەرنىڭ ئاتىسى.

ئۇ، ھىجرەتتىن 21 يىل ئىلگىرى مەككە مۇكەررەمەدە دۇنياغا كەلگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن.

ئۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كەلگەندە، كىچىكلەر ئارىسىدىكى تۇنجى ئىمان كەلتۈرگەن بالا ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەلىم ئالدى، سۈپەت ۋە ئەخلاقلىرىدىن ئۈگەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، ئۇنىڭ ئورنىدا ياتتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئامانەت، ھەق ـ ھۇقۇقلىرىنى سالامەت يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن، مەدىنىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە يەرلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە ئەززەھرانى ئەمرىگە ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن جەننەتتىكى ياشلارنىڭ خوجىلىرى بولغان ھەسەن ۋە ھۈسەيىن (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ۋە

www.munber.org

زەينەپ، ئۇممۇ كۇلسۇم (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىق تۆت پەرزەنت يۈزى كۆردى.

فاتىمەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن (ھىجرىيەنىڭ **11**-يىلى) بىر قانچە ئايال بىلەن توي قىلىپ، بىر نەچچە قىز ـ ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرگەن.

تەبۇك غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىگە قاراشقا قالدۇرۇپ قويغىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بارلىق غازاتلارغا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە قاتناشقان. كۆپىنچىسىدە بايراق كۆتىرەتتى، يەككە ئېلىشىشلارغا چۈشۈپ، بىر قانچىلىغان ئەرەب ۋە يەھۇدى باتۇرلىرىنى يەر چىشلەتكەن. بەدر، خەندەك ۋە خەيبەر غازاتلىرىدا ئۇنىڭ باتۇرلىغى ھەقىقىي نامايەن بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر ۋە مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئەدلىيە ئىشىغا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ يەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن خەلىپىلىككە نامزات كۆرسىتىلگەن ئالتە نەپەر شۇرا ئەزاسىنىڭ بىرى ئىدى.

ھىجرىيەنىڭ **35**-يىلى ئوسمان ئىبنى ئەففان قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىنغان. ئۇ كۇپەنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ۋە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلار ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ئىنتىقامىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشنى رەت قىلىشتى. نەتىجىدە ھىجرىيەنىڭ **36**-يىلى تۆگە ۋەقەسى ئورۇشى يۈز بەردى. ئوسمان ئىبنى ئەففان تەرىپىدىن شامغا ۋالى قىلىپ تەيىنلەنگەن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى

www.munber.org

سـۈفيانمۇ ئۇنىڭغـا بەيئـەت قىلىشـنى رەت قىلـدى. بۇنىـڭ نەتىجىسى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھىجرىيەنىڭ **38** ـ يىلىدىكى سىففىين ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاخىرى سۈلھى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شىجائەتلىك، باتۇر كىشى ئىدى. فىقھىدا قارىشى ئىتىبارلىق ئىدى، تەقۋالىقتا نەمۇنە، ھەقىقەتتە ھەقىقەتەن چىڭ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ”ئى، ئەلىي! سەن ماڭا نىسبەتەن مۇسانىڭ يېنىدا ھارۇننىڭ قانداق ئورنى بولسا، شۇنداق ئورۇنغا ئىگىسەن. بىراق مېنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.“

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، ئەبۇل ھەسەن (ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دېمەكچى ـ ت) بولمىغان چاغدا بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيتتى.

ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ”ئەلىي ھۆكۈم قىلىپ قويدىمۇ؟“

ئۇ كۇپە مەسجىدىدە بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئابدۇراھمان ئىبن مۇلجەم ئەلخارىجى تەرىپىدىن سۇيىقەستكە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ شەھىد قىلىنغان ۋاقتى ھىجرىيەنىڭ **40** ـ يىلى رامىزان ئېيىغا توغرا كەلدى. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)

www.munber.org

دېدى. ئەلچىلەر سەئىيدنىڭ قېشىغا ھەميانىنى ئېلىپ؛ كەلدى. سەئىيد ھەميانىدىكى پۇلنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، خۇددى ئازاب چۈشكەندەك:

- بىز الله نىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە الله تەرەپكە قايتىمىز، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئايالى يۈگۈرۈپ چىقىپ:

- ئى سەئىيد ساڭا نېمە بولدى؟ ئەمىرۇلمۆئمىن ۋاپات بوپتۇمۇ؟ دەپ سورىدى. سەئىيد:

- ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئىش بوپتۇ، دېدى. ئايالى يەنە:

- مۇسۇلمانلار بىرەر ۋەقەگە دۇچ كەپتۇمۇ؟ دەپ قايتا سورىدى. سەئىيد:

- ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق نېمە ئىش بوپتۇ؟ دېۋىدى. سەئىيد:

- ئاخىرەتلىكىمنى بۇزغىلى دۇنيا كىردى، ئۆيۈمگە پىتنە چۈشتى، - دېدى. ئايالى بۇنى ئاڭلاپ:

- ئۇنىڭدىن يىراق بولۇڭ! دېدى. سەئىيد ئايالىغا قاراپ:

- ماڭا مۇشۇ ئىشتا ياردەم بېرەمسەن؟ دېۋىدى. ئايالى دەرھال:

- ھەئە، دېدى. سەئىيد دىنارلارنى ھەميانغا سېلىپ كەمبەغەل مۇسۇلمانلارغا تارقىتىپ بەردى...

يۇقىرىدىكى ئىشلارغا ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب شام شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى "ھىمس" شەھىرىگە كەلگەندە "ھىمس" شەھىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدى. ئۆمەر ئۇلارغا: «باشلىقىڭلار قانداقكەن؟» دېدى. ئۇلار ئۆمەرگە:

www.munber.org

- سىلەر سەئىدتىن يەنە نېمىنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ دېدىم. ئۇلار:

- ئۇ قېشىمىزغا ھەر ئايدا بىر كۈن چىقمايدۇ، دېيىشتى. مەن سەئىدكە قاراپ:

- سەئىد! بۇ نېمە ئىش؟ دەپ سورىدىم. سەئىد:

- ئى ئەمرۇل مۆئمىن! مېنىڭ ئۆيۈمدە خىزمەتچى يوق، كىيىۋاتقان كىيىمىمدىن باشقا كىيىمىمۇ يوق، مەن ئۇنى ھەر ئايدا بىر قېتىم يۇيىمەن، قۇرۇپ بولغىچە كۈتۈپ تۇرىمەن، ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەچ تەرەپتە چىقىمەن، دېدى. مەن يەنە:

- سىلەر يەنە سەئىد توغرىسىدا نېمىنى شىكايەت قىلىسىلەر؟ دەپ سورىدىم. ئۇلار:

- ئۇنىڭغا بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىنى يوقىتىش يېتىپ قالىدۇ، بۇ ۋاقىتلاردا ئۇ كىشىلەرنى تاشلاپ سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ، دېيىشتى. مەن:

سەئىد! بۇ نېمە ئىش؟ دەپ سورىدىم. سەئىد:

- مەن ئىلگىرى مۇشرىك ۋاقتىمدا خۇبەيبنىڭ ئۆلۈم مەيدانىدا ھازىر ئىدىم، قۇرەيشلەرنىڭ ئۇنىڭ جەسىتىنى پارچىلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇلار خۇبەيبكە: سەن قۇتۇلۇپ مۇھەممەدنىڭ سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇشىنى خالامسەن؟ دېگەندە، خۇبەيب جاۋابەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆيۈمدە خاتىرجەم تۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر تال تىكەننىڭ سانجىلىپ قېلىشىغا رازى ئەمەسمەن دەيدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مەن مۇشۇ كۈننى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەنلىكىمنى ئويلىسام، الله مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرمەسمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن، مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ماڭا خۇدىنى يوقىتىش يېتىدۇ، دېدى. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر:

www.munber.org

باغلىنىپ قۇدۇققا تاشلانغانلىقىنى كۆردى. بۇ قېتىم ئۇ ئاچچىقىدا ئۇنى تارتىپ چىقارماي شۇ يەردىلا تاشلاپ قويۇپ ئۇنىڭغا:

ــــ «الله نامىدىن قىلايكى قەسەم، ئەمسە ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئىلاھ تۇرمايتتىڭ ئىت بىلەن چوقۇم بىر يەردە، گەر بولساڭ سەن ئۇزەڭ ئىززەتلىك ئىلاھ» دېدى ـ دە، قايتىپ كېلىپلا الله نىڭ ھەق دىنغا كىرىپ ئىمان ئېيتتى.

ئەمرۇبنۇل جەمۇھ شېرىكلىكتە ئۆتۈپ كەتكەن ھەر بىر سىكۇنتىغا، پۇشايمان بارمىقىنى چىشلىگۈدەك دەرىجىدە ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن دىنغا يۈزلەندى ۋە ئۆزىنى، مېلىنى، باللىرىنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ئىتائىتىگە تاپشۇردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇھۇد ئۇرۇشى بولدى، ئەمرى ئۈچ ئوغلىنىڭ الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئەتە ـ ئاخشاملىرى ئورمان يولۇسىدەك قاراپ، كۆزىتىپ تۇردى. باللار الله نىڭ رازىلىقى بىلەن غەلبە ۋە شېھىتلىققا يېتىشكە ئىشتىياق باغلاشقان ئىدى. باللىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەمرىنىڭمۇ قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى، ئۇ باللىرى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ بايرىقى ئاستىدا، جىھادقا بېرىشقا بەل باغلىدى، لېكىن باللار ئاتىسىنى بەل باغلىغان ئىشتىن توسۇش ئۈچۈن بىرلىككە كەلدى.

ئەمرى بولسا يېشى چوڭ كىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقساپ ماڭاتتى، الله جىھادقا چىقماسلىققا ئۆزرىسى بار دېگەن كىشىلەردىن ئىدى.

يىگىتلەر ئاتىسىغا:

www.munber.org

كىتابىنى مەندىن ياخشىراق بىلىدىغىنىنى ئۇقسام، مۇمكىن بولسىلا ئۇنىڭ قېشىغا بارىمەن.

ئۇ دېگەن سۆزىدە ئاشۇرۇۋەتمىگەن ئىدى. ئۆمەر ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر سەپىرىدە بىر كارۋانغا ئۇچراپ قالىدۇ. كېچە تۇمانلىق بولۇپ كارۋانلار بىر - بىرىنى كۆرەلمەيتتى. بۇ كارۋانلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھمۇ بار ئىدى. ئۆمەر بىر كىشىنى بۇ كارۋانلارغا توۋلاشقا بۇيرىدى: ئۇ كىشى:

سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟ دەپ توۋلىدى. ئۇ كىشىلەر:

يىراق ۋادىدىن، دېيىشتى.

قەيەرگە بارىسىلەر؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار:

قەدىمىي ئۆيگە، دېيىشتى.

ئۆمەر قېشىدىكىلەرگە:

بۇ كارۋانلار ئىچىدە چوقۇم بىلىملىك ئادەم بار ئىكەن، دەپ بىر ئادەمنى:

قۇرئاننىڭ قايسىسى ئەڭ بۈيۈك؟ دەپ سوراشقا بۇيرۇدى. ئۇلار تەرەپتىن:

﴿بىر الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر، مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇيقۇ باسمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتلەر، دېدى.

قۇرئاننىڭ قايسى ئايىتى ھېكمەتلىك؟دېگەن سۇئالغا ئۇلار:

﴿الله ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، يېقىن تۇغقانلارغا خەيرى ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾ دېگەن ئايەتلەر، دېدى. ئۇلار يەنە

www.munber.org

الله بىلــەن قەســـەمكى، قۇرەيشـــلەر قۇرئـــاننىڭ ئۈنلـــۈك ئوقۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدى. كىم ئۇلارغا قۇرئاننى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ؟ دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد:

مەن ئوقاي، دېدى.

بىز ئۇلارنىڭ ساڭا زىيان يەتكۈزىشىدىن ئەنسىرەيمىز، بىز قوغدىيالايدىغان ۋە ئۇلاردىن توسۇپ قالالايدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار ئادەمنى دېمەكچى ئىدۇق، دېيىشكەندا ئۇ:

مېنى قويۇپ بېرىڭلار، الله مېنى قوغداپ ئۇلارنى تۇسايدۇ، دېدى. ئابدۇللاھ ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن ماقامى ئىبراھىمغا كەلدى، قۇرەيشلىكلەر كەئبىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشاتتى، ئۇ ماقامى ئىبراھىمدا تۇرۇپ:

﴿ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله قۇرئاننى تەلىم بەردى. ئىنساننى ياراتتى.، ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى... ﴾

ئۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى قۇرەيشلەر:

ئىبنى ئۇممۇئەبدى نېمە دەۋاتىدۇ؟ يوقالسۇن، ئۇ مۇھەممەد ئوتتۇرىغا قويغان نەرسىنىڭ بەزىسىنى تىلاۋەت قىلىۋاتىدىغۇ... دېيىشتى.

ئۇلار ئابدۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ يۈز كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ ئوقۇشنى توختاتماستىن تاكى الله يەتكۈزۈشنى خالىغان جايىغىچە ئوقۇدى... ئاندىن ساھابىلارنىڭ قېشىغا قايتتى، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىدىن قانلار ئېقىۋاتاتتى، ساھابىلار:

بىز دەل مۇشۇنداق ئىشتىن ئەنسىرگەن ئىدۇق، دېيىشتى. ئۇ:

www.munber.org

# ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير

ئاشۇ پەرىشتىلەر ساڭا قۇلاق سېلىۋاتقان ئىكەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

مەككىلىك ياش مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كەلدى. ئۇ، خەزرەج قەبىلىسىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان ئەسئەد ئىبنى زۇرارەنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ئۇ ئۆيىنى ئۆزىنىڭ اللە نىڭ يولىغا بولغان چاقىرىقىنى تارقىتىش، اللە نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن خوش خەۋەر بېرىش مەنبەئى قىلدى.

مەدىنە ياشلىرى بۇ ياش تەشۋىقاتچىنىڭ سورۇنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ شېرىنلىكى، دەلىلىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئېنىقلىقى، چىرايىدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئىمانىنىڭ نۇرى بۇ ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇلارنى ھەممىدىن بەكرەك اللە نىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ سۆزلىرى جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. مۇسئەب ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، قەلبلەرنى ئەسىر قىلىۋالغۇچى ئاھاڭلىرى بىلەن قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنى ئۇلارغا پات ـ پات ئاڭلىتاتتى. بۇنىڭ بىلەن قاتتىق دىللار يۇمشاپ، بۇرۇن ئاسىي بولغان كۆزلەردىن ياشلار ئاقاتتى، سورۇن دائىم يېڭى ـ يېڭى ئادەملەر بىلەن تولۇپ تۇراتتى.

بىر كۈنى، ئەسەد ئىبنى زۇرارە ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتچى مېھمىنى مۇسئەب بىلەن ئابدۇل ئەشھەل جەمەتىدىن بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ، ئۇلارغا ئىسلامنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئابدۇل ئەشھەل جەمەتىنىڭ باغلىرىدىن بىرىگە كىردى.

www.munber.org

مۇسئەبنىڭ ئەتراپىغا، ئىسلام كەلتۈرۈپ بولغانلار ۋە سۆز ئاڭلاشنى خالايدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر يىغىلغان بولۇپ بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاجايىپلىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇنتۇپ سۆكۈتكە چۆكۈشكەن ئىدى.

ئەۋەس قەبىلىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى، ئۇسەيد ئىبن ھۇزەير سەئىد ئىبنى مۇئازلارغا: مەككىلىك تەشۋىقاتچى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير كەنتكە يېقىن بىر جايغا چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭغا ئەسئەد ئىبنى زورارە ياردەمچى بولۇۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز: ئۇ ئۇسەيد ! قاراپ تۇرىمىزمۇ، يۈر ئاجىزلىرىمىزنى ئالداش، ئىلاھلىرىمىزنى سۆكۈش ئۈچۈن يۇرتىمىزغا كەلگەن بۇ مەككىلىك ياشنى توسقىن، بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ دىيارىمىزغا قايتا ئاياغ باسمالىقىغا ئاگاھلاندۇرغىن، ئەگەر ئۇ ھاممامنىڭ ئوغلى ئەسئەد ئىبنى زورارەنىڭ مېھمىنى ۋە ئۇنىڭ ھېمايىسىدە بولمىغىنىدا ئۇنىڭغا ئۆزەملا تېتىيتتىم، دېدى.

ئۇلسەي نەيزىنى ئېلىپ باغ تەرەپكە ماڭدى. ئەسئەد ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇسئەبكە: ئى مۇسئەب! ئۇ كىشىلەرنىڭ رەھبىرى، ئەڭ ئەقىللىق ۋە مۇكەممەل ئادەم، ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولسا ئۇنىڭغا كۆپلىگەن كىشىلەر ئەگىشىدۇ. سەن ئۇنىڭغا سەممىي مۇئامىلىدە بول، ياخشى مۇئامىلە قىل، دېدى.

ئۇسەيد كۆپچىلىكنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. ۋە بىزنىڭ يۇرتقا نېمە دەپ كەلدىڭلار؟ خەلقىمىزنى نېمە دەپ ئالدايسىلەر؟ ئەگەر سىلەرگە جان كېرەك بولسا بۇ يەردىن چىرايلىقچە كېتىۋېلىڭلار، دېدى. مۇسئەب سەممىي تەلەپپۇزدا: ئى كىشىلەرنىڭ رەھبەرى! ساڭا بۇنىڭدىن باشقا چىرايلىق يول يوقمۇ؟ دېدى.

ـ سەن نېمە دېمەكچى؟

www.munber.org

ـ بىزنىڭ قېشىمىزدا ئولتۇرۇپ سۆزلىرىمىزنى بىر ئاڭلاپ باق، ئەگەر بىزدىن قانائەتلەنسەڭ قوبۇل قىلارسەن، ئەگەر رازى بولمىساڭ يۈز ئۆرەرسەن، بىزمۇ قايتا كەلمەيمىز.

ـ توغرا ئېيتىڭ، دېدى ئۇ بۇنى ئاڭلاپ ۋە نەيزىسىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ ئولتۇردى.

مۇسئەب ئۇنىڭغا ئىسلام ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىشكە باشلىدى، ئۇسەيدنىڭ چىرايى نۇرلۇنۇپ:

سەن دېگەن بۇ سۆزلەر ئەجەپمۇ بەك چىرايلىقكەن، ئوقۇغانلىرىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغكەن، سىلەر ئىسلامغا كىرمەكچى بولساڭلار قانداق قىلىسىلەر؟

ئىسلامغا كىرمەكچى بولساڭ يۇيۇنۇپ كىيىملىرىنى پاكلاپ، الله تىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا مۇھەممەدنىڭ الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبەرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيسەن، دېدى.

ئۇسەيد قۇدۇقتا بېرىپ پاكلىنىپ، ئىككى گۇۋاھلىق سۆزىنى ئېيتىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسلام سېپىگە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەرەپ چەۋەندازلىرىدىن ۋە ئەۋس قەبىلىسىنىڭ كاتتا رەھبەرلىرىدىن بىرى قوشۇلدى.

ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋە نەسەبىنىڭ ئېسىللىكىگە قاراپ كىشىلەر ئۇنى"كامىل" دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئەلەم ۋە قەلەمگە ماھىر ئىدى. ھەتتا ساۋاتلىق كىشىلەر كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان بۇ جەمئىيەتتە ئۇ يېزىش ۋە ئوقۇش سەۋىيەسىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىغا سەۋەپ بولدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بولسا ئەۋسلىك نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىغا، شۇنداقلا

www.munber.org

مەدىنىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىپ كېلىدىغان ماكانى بولۇپ، بۈيۈك ئىسلام دۆلىتىنىڭ بۇ يەردە قۇرۇلۇشىغا سەۋەپ بولدى.

ئەسئەد قۇرئاننى مۇسئەبتىن تۇنجى ئاڭلىغاندىن باشلاپ ئۇنىڭغا خۇددى ئاشىق مەشۇقىغا ئاشىق بولغادەك ئاشىق بولدى. ئۇ قۇرغانغا خۇددى تومۇزدا ئۇسسىغان ئادەم سۇغا تەشنا بولغاندەك تەشنالىق بىلەن باغلاندى. قۇرئان ئۇنىڭ پۈتۈن مەشخۇلاتىغا ئايلاندى.

ئۇنىڭ ھەممە ۋاقتى الله يولىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ياكى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىۋاتقان ھالەتتە ئۆتەتتى. ئۇ ئاۋازى يېقىملىق، تەلەپپۇزى يېقىملىق كىشى بولۇپ، ھەممە كىشىلەر ئۇخلاپ كەتكەن، ھەرجاي سۈكۈتكە تولغان، دىللار ئازادە بولغان ۋاقىتتا قۇرئان ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

ساھابى كىراملەر ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇيدىغان ۋاقىتلىرىنى كۈتىشەتتى ۋە ئۇ قۇرئاننى قىرائەت قىلىشقا باشلىغان ھامان ئۇنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاشقا ئالدىرىشاتتى. ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى زېمىندىكىلەرلا ئەمەس، ھەتتا ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ ئاڭلايتتى.

بىر كېچىسى ئۇسەيد ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان بولۇپ بالىسى يەھيا ئۇنىڭ قېشىدا ئۇخلاۋاتاتتى. الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا تەق قىلىپ قويغان ئېتى بولسا يېقىن جايدا ئىدى. كېچە جىم - جىت، ئاسمان گۈمبىزى سۈپ - سۈزۈك ئىدى. يۇلتۇزلار زېمىنغا يېقىملىق باقىنچە چاقنىشاتتى.

بۇ چاغدا ئۇسەيدنىڭ ۋۇجۇدى بۇ ساپ ھاۋانى قۇرئاننىڭ خۇشبۇيلىرى بىلەن تېخىمۇ خۇشبۇيلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېقىملىق ۋە مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى.

ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

www.munber.org

ئۇلارنــى كىشــلەرمۇ كۆرگــەن ۋە ئــۇلار كىشــىلەردىن ئــۆزلىرىنى يوشۇرىۋالالمىغان بولاتتى» دېدى.

ئۇسەيد اللە نىڭ كىتابىغا ئىشتىياق باغلىغاندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئاجايىپ كۈچلۈك ئىشتىياق باغلىغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئۆزەمنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلغان ۋاقىتلىرىم قۇرئان ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان ۋاقتىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قىلىۋاتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قارىغان ۋاقتىمدۇر.

ئــۇ كۆپــۈنچە ۋاقــىتلاردا ئــۆز بــەدىنىنىڭ پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ بەدىنىگــە تېگىشــىنى ناھــايىتىمۇ بــەك ئۈمــۈد قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا بۇ پۇرسەت كەلدى. بىر كۈنى ئۇسەيد ئــۆزى ھــەققىدە كىشىلەرگــە ســۆز قىلىۋاتقــاندا پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام ئۇنــىڭ سۆزىگــە قىزىققــاندەك ئۇنــىڭ بىقىنىــنى چىمدىۋىپ قويىدى، ئۇ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى ئاغرىتتىڭ.

«ئۇنداقتا سەنمۇ مەندىن ئەنتىگنى ئال»

ئۇچاڭدا كۆينەك باركەن، سەن چىمدىغاندا ئۇچام كۆينەكسىز ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كۆينىكىنى كۆتۈرۈپ بەردى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇچاغلاپ ئۇنىڭ قولتۇقلىرى ۋە بىقىنلىرىغا سۆيۈشكە باشلىدى ۋە: ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولۇپ كەتسۇنكى، بۇ مەن سېنى بىلگەندىن بېرى ئەڭ ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلاردىن ئىدى، مانا ئەمدى بۇ ئارزۇيۇمغا يەتتىم، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسەيدنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئىسلامغا بــۇرۇن كىرگــەنلىكىنى، ئوھــۇد كۈنىــدە ئــۆزىنى قوغدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا شۇ كۈنى يەتتە ئۆلتۈرگۈچى نەيزىدىن

www.munber.org

يەتتىسىنىڭ سانجىلغىنىنى ھېچ ئۇنتۇمايتتى. ئۇنىڭ ئۆز قەۋمى ۋە خەلقى ئارىسىدىكى ئابروينى بىلەتتى. ئەگەر ئۇ بىرەر كىشى توغۇرلۇق شاپائەتلىك سۆز قىلسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلەرگە ياردەم بېرەتتى.

ئۇسەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەنسارىلاردىن بىر بۆلۈك ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلىدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەمبەغەل مۇھتاجلار بار ئىدى، بۆلارنىڭ كۆپۈنچى ئاياللار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۇسەيد! سەن قولۇمىزدىكى مالنى تارقىتىپ بولغاندا كېلىپسەن، مال كەلگەننى ئاڭلىساڭ بىزگە خەۋەر قىلغىن» دېدى.

شۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ مۇسۇلمانلارغا خەيبەردىن مال كەلدى، ئۇنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەنسارىلارغا ۋە مەن ئىسمىنى ئاتاپ كەلگەنلەرگە كۆپ بەردى. مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە ساڭا ئۇلاردىن يەنى ئۇلار سەۋەبىدىن ياخشى مۇكاپات بەرسۇن! دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى، اللە سىلەرگىمۇ چەكسىز ئەجىر بەرسۇن! سىلەر ئالدىراپ بىر نەرسە سورىمايدىكەنسىلەر، چىداملىق ئىكەنسىلەر، سىلەر مېنىڭدىن كېيىن تاللاشقا دۇچ كېلىسىلەر، ماڭا ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋر قىلىڭلار، ئۇچرىشىدىغان جاي كەۋسەر بۇلىقىدۇر.» دېدى.

خەلىپىلىك ئۆمەرگە كەلگەندە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مال ـ مۈلۈك تەقسىم قىلدى. ماڭا بىر تون ئەۋەتىپتۇ، تون ماڭا كىچىك كەلدى. شۇ چاغدا مەن مەسجىتتە ئىدىم، مېنىڭ يېنىمدىن ماڭا ئۆمەر ئەۋەتكەن توندىن ئۇزۇن تون كەيگەن قۇرەيشلىك بىر ياش ئۆتتى، ئۇنىڭ تونى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇراتتى. مەن يېنىمدىكى كىشىگە: پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭدىن كېيىن تاللاشقا دۇچ كېلىسىلەر» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راست ئېيتىدۇ، دېدىم.

ھېلىقى ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا دېگەن سۆزىنى ئۆمەرگە يەتكۈزۈپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر قېشىمغا كېلىشكە ئالدىراپتۇ، ئۇ كەلگەندە مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، ئۇ ماڭا: نامىزىڭنى ئوقۇۋال، دېدى. مەن نامازنى تۈگەتكىنىمدە ئۇ: نېمە دېدىڭ؟ دەپ سورىدى. مەن كۆرگەنلىرىمنى ۋە دېگەنلىرىمنى بايان قىلدىم، ئۇ: الله سېنى ئەپۇ قىلسۇن! ئۇ تونۇنى مەن پالانچىغا ئەۋەتكەن ئىدىم، ئۇ ئەقەبە بەيتىگە، بەدىر، ئوھۇد جەڭلىرىگە قاتناشقان ئەنسارى ئىدى، ئۇنىڭدىن بۇ قۇرەيشلىك ياش سېتىۋېلىپ كىيىپتۇ، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساڭا خەۋەر بەرگەن ئىشنىڭ مېنىڭ زامانەمدە بولىدۇ، دەپ قارامسەن؟

الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنى ھەرگىز سېنىڭ زامانىڭدا بولىدۇ، دەپ قارىمايمەن.

ئۇسەيد شۇ ۋاقىتتىن كېيىن ئۇزاق ياشىمىش، الله ئۇنى ئۆمەرنىڭ زامانىدا ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى، الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن! ئۇنىڭ قىممىتى تۆت مىڭ دەرھەم قەرزى بار بولۇپ ۋارىسلىرى قەرز ئۈچۈن ئۇنىڭ زېمىنىنى ساتماقچى بولدى.

ئۆمەر بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندا: مەن قېرىندىشىمنىڭ بالىلىرىنى كىشىلەرگە مۇھتاج قىلىپ قويمايمەن، دەپ قەرز ئىگىلىرىگە گەپ قىلدى، ئۇلار زېمىننىڭ مېۋىسىنى ھەر يىللىقىنى مىڭ دەرھەمدىن تۆت يىللىقىنى تۆت مىڭ دەرھەمگە ئېلىشقا رازى بولدى.

www.munber.org

# نوئمان ئىبنى مۇقەررىبىل مۇزەينى

ئەلۋەتتە ئىمانلىقلارنىڭمۇ ئۆيى بار. مۇناپىقلارنىڭمۇ ئۆيى بار.

مانا بۇمۇقەررىننىڭ ئۆيى، ئىماندارنىڭ ئۆيىدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد

مۇزەينى قەبىلىسى مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى يولنىڭ مەدىنىگە يېقىنراق جايىغا جايلاشقان بىر قەبىلە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى، بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر ئۆتكەن كەچكەنلەر ئارقىلىق بۇ قەبىلىگىمۇ يېتىپ كەلدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلىغى بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى نوئمان ئىبنى مۇقەررىبىل مۇزەينى قېرىنداشلىرىغا بۇ قەۋمىنىڭ پىشقەدەملىرى بار سورۇندىلا:ئى قەۋمىم الله بىلەن قەسەمكى، بىزمۇ بۇ دىننىڭ ھەممە دىندىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، ئۇنىڭ نىمىگە چاقىرغانلىقىنى، چاقىرىقلىرىدىكى

كۈيۈنىش، ياخشىلىق، ئادالەتنى ئاڭلىدۇق، ھەممە كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئالدىرىشۋاتسا بىز نىمە ئۈچۈن كېچىكىمىز؟مەن ئەتە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش نىيىتىگە كەلدىم، مەن بىلەن بىللە بېرىشنى خالايدىغانلار تەييارلانسۇن، دېدى.

www.munber.org

نۇئمانىڭ سۆزىنىڭ سېھرى بارىدەكلا ئۇ ئەتىسى تاڭ يورۇماستىنلا ئۆزىنىڭ ئون قېرىندىشى بىلەن قەبىلە چەۋەندازلىرىدىن **400** كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ۋە الله نىڭ دىنىغا كىرىش ئۈچۈن مەدىنىگە مېڭىشقا ئۇنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

نۇئمان بۇنچىلىك كىشىلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قۇرۇق قول بېرىشقا خىجىل بولدى، بىراق قۇرغاقچىلىق ئاپىتى مۇزەيىنەدە نە زىرائەت نە چارۋا مالدىن ھېچنېمىنى قويمىغان ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆيى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ قەھەتچىلىكتىن قالغان بىرقانچە قوينى ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىسلامغا كىردى.

مەدىنە ۋە ئۇنىڭ بارلىق چەت ياقا يۇرتلىرى ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىگىدىن ئىبارەت بۇ ياخشى ئىشتىن تەۋرەپ كەتتى. چۈنكى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە بىر ئائىلىدىن **11** قېرىنداش **400** چەۋاندازنىڭ بىراقلا ئىسلامغا كىرىشىدەك ئىش بولۇپ باقمىغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇئماننىڭ ئىسلامغا كىرىشىدىن خۇرسەن بولدى. الله ئۇنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىپ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى. { ئەئرابىلارنىڭ بەزىلىرى الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (الله يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى الله غا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىششنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستلا الله غا بولغان يېقىنلىققا ئېرىشىدۇ، الله ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، الله ھەقىقەتەن (مۆمىن بەندىلىرىگە)

www.munber.org

ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) تولىمۇ مېھرىباندۇر}(1)

شۇندىن كېيىن نوئمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايرىقى ئاستىغا قېتىلدى ۋە بارلىق جەڭلەرگە بىرگىمۇ قىلىپ قالماستىن قاتناشتى. ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولغاندا ئۇ ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر ئەبۇ بەكرى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ) بىلەن بىرسەپتە تۇردى. مۇرتەدلەر بىلەن بولغان جەڭدە ئۇ ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى.

خەلىپە ئۆمەرنىڭ (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دەۋرىگە كەلگەندە نوئماننىڭ تارىخدا تىللاردا داستان بولغىدەك بىر ئىش يۈز بەردى.

قادىسىيە جېڭى بولۇشتىن بىر ئاز ۋاقىت بۇرۇن مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەقاس پارىس پادىشاھى يەزدەجىردقا نوئمان باشچىلىقىدىكى بىر ۋەكىلەر گۇرۇھىنى ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇلار پارىس دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ بارغاندا كىرىشكە ئىزنى سورىدى. پادىشاھ ئىزنى بەردى ۋە تەرجىمان چاقىرىپ، ئۇ ئارقىلىق ۋەكىلەردىن: سىلەر بۇ يۇرتقا نېمە ئۈچۈن كەلدىڭلار؟بىز بىلەن نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلماقچى بولىسىلەر؟سىلەر بىزدىن مال دۇنيا تەمە قىلىپ بۇ ياقلارغا كەلدىڭلار، بىز ئەسلىدە سىلەرگە ئانچە پەرۋە قىلىپمۇ كەتمىگەن ئىدۇق ھەم سىلەرنى بەك چىڭ تۇتۇپمۇ كەتمىگەن ئىدۇق... دىگەن سۆزلەرنى قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ نوئمان قېشىدىكىلەرگە: ئەگەر سىلەردىن بىرەرىڭلار گەپ قىلىشنى خالىساڭلار گەپ قىلىڭلار، بولمىسا مەن گەپ قىلاي،

---

(1) سۈرە تەۋبە 99 ـ ئايەت

دېـدى. قېشـىدىكىلەر: سـەن گـەپ قىـل! دېـدى. ۋە پادىشـاھ كىسراغا: بۇ ئادەم بىزگە ۋاكالەتەن سۆز قىلىدۇ، دېدى.

نوئمان ئالدى بىلەن الله غا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ـ سالاملار يوللىغاندىن كېيىن سۆزىنى مۇنداق باشلىدى: الله بىزگە رەھمەت قىلىپ، بىزنى ياخشىلىققا بويرۇيدىغـان، يامـانلىقتىن توسـۇيدىغان پـەيغەمبەر ئـەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشساق بىزگە دۇنيا ئـاخىرەتنى بىرىدىغـانلىقنى پـەيغەمبىرىنىڭ تىلـى ئـارقىلىق ۋەدە بـەردى. ئـارىدىن ئـۇزۇن ئۆتمـەي الله بـىزنىڭ جاپـالىرىمىزنى ھالاۋەتكـە، خـارلىقىمىزنى ئەزىزلىككـە، ئـادەۋەتنى قېرىنداشـلىققا ئۆزگەرتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرنى باشقىلارنى ياخشىلىققا چاقىرىشتا قوشنىلاردىن باشلاشقا بويرىدى. شۇڭا بىز سىلەرنى الله نىڭ دىنىغا چاقىرىمىز. بۇ دىن ياخشىلىقنى ياخشى دەيدىغـان، يامـانلىقلارنى يامـان كـۆرۈپ، ئۇنىڭدىـن ئاگـاھلاندۇرىدىغان، بـارلىق ئىتىقـاتچىلارنى كۇفـرىنىڭ قـاراڭغۇلىقىدىن ئىمـان نۇرىغـا، زۇلۇمدىـن ئادالەتكـە ئېلىپ چىقىدىغـان دىـندۇر. ئەگـەر سـىلەر ئىسـلامغا كىرسـەڭلار بىـز سىلەرگە الله نىڭ قۇرئاننى قالدۇرۇپ، ئۇنى سىلەرنىڭ قانۇنىڭلار قىلىـپ بىرىمىـز. ئـاندىن سـىلەرنى ئـۆز يـېتىڭلارچە قـالدۇرۇپ قـايتىمىز، ئەگـەر ئۇنىمىسـاڭلار، سـىلەر بىلـەن ئـۇرۇش قىلىمىـز، دېدى.

پادىشاھ بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىقلاپ: مەن يـەر يۈزىـدە سـىلەردەك ئـاجىز، ئـاز، بەختىسىز، ئـەھۋالى ناچـار بىـر مىللـەتنى كۆرمىگـەن ئىدىـم، بىـز بـۇرۇن سـىلەرنىڭ ئىشـىڭلارنى قىشـلاقلاردىكى رەھبەرگـە تاپشۇرۇپلا شـۇلارنىڭ ۋاستىسـى بىلـەن باشقۇرۇپ كېلۋاتقان ئىدۇق. سـىلەرنىڭ كىلىشـىڭلار موھتـاجلىق يۈزىسىدىن بولسا مەن سىلەرگە يەتكۈدەك ئاشلىق بىرەي، مۆتىۋەر

www.munber.org

كىشىلىرىڭلەرگە كېيىم كەيگۈزەي، بىز تەرەپتىن سىلەرگە كۆيۈنىدىغان باشلىقتىن بىرنى تەيىنلەپ بېرەي، دېدى. بۇ چاغدا ۋەكىلەردىن بىرى ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەردى. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: ئەگەر ئەلچىگە ئۆلۈم بولمىغان بولسا مەن سىلەرنى ئۆلتۈرەتتىم، سىلەر كېتىڭلار بۇ يەردە سىلەرگە ھېچنەرسە يوق. سىلەر بېرىپ قوماندانىڭلارغا ئېيتىڭلار، مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى قادىسىيەنىڭ خەندەكلىرىگە تىقىش ئۈچۈن روستەمنى ئەۋەتىمەن، دېدى. ۋە ئادەملىرىگە بۇيرۇپ بىر قاپ تopa ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى ۋەكىلەرنىڭ رەھبىرىگە كۆتەرتكۈزۈپ، ئۇلارنى تاكى شەھەر سىرتىغىچە ئالدىغا سېلىپ مېڭىشقا بۇيرىدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى ۋەكىلەردىن: باشلىقىڭلار كىم؟دەپ سورىدى.

ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئالدىراپ: مەن، دېدى. ئۇلار ئاسىمغا تاكى شەھەر سىرتىغىچە توپىنى كۆتەرتكۈزدى. شەھەردىن چىقاندىن كېيىن ئاسىم توپىنى تۆگىسىگە ئارتىپ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ۋە الله نىڭ پارىس زېمىننى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ تۇپرىقىغا ئىگە قىلىدىغانلىقىدىن خوش خەۋەر بەردى.

قادىسىيە جېڭى يۈز بەردى، قادىسىيەنىڭ خەندەكلىرى نەچچە مىڭ جەسەت بىلەن تولدى. لېكىن، بۇ خەندەكلەرگە تىقىلغىنى مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرى بولماستىن بەلكى كىسرانىڭ ئەسكەرلىرى ئىدى.

پارسلار قادىسىيە جېڭىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن توختاپ قالماي بەلكى، تەرەپ ـ تەرەپتىن كۈچ توپلاپ، ئاخىرى **150** مىڭ مۇنتىزىم قوشۇننى تەييار قىلدى.

www.munber.org

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خەلىپە ئۆمەر بۇ خەتەرگە قارشى ئۆزى كەلمەكچى بولدى. لېكىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۇنى توسسۇپ، مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشتا تايىنىدىغان قوماندان ئەۋەتىش مەسلەھەتىنى بەردى. ئۆمەر: ماڭا مۇشۇ جەڭگە قوماندانلىق قىلالايدىغان بىرىنى كۆرسىتىڭلار، دېدى. باشقىلار:

ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! ئۆز قوشۇنىڭنى سەن ئوبدان بىلىسەن، دېدى. ئۆمەر:مەن ئىككى تەرەپ ئۇچراشقاندا ئەڭ قاتتىق جەڭ قىلالايدىغان بىرىنى باشلىق قىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ نوئمان، دەپ ئاندىن ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى مەكتۇپنى يازدى.

«الله نىڭ بەندىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن نوئمان ئىبنى مۇقەررەنىل مۇزەينىگە.

مەقسەت: پارىسلارنىڭ ناھاۋەند شەھرىدە سىلەرگە قارشى زور قوشۇن توپلاۋاتقانلىق خەۋىرى ماڭا يەتتى. بۇ خېتىم قولۇڭغا تەككەن ھامان، يېنىڭدىكى بارلىق مۇسۇلمانلار بىلەن ئاتلان، يەڭگىللىك قىلىپ زۇلۇم سالما، ماڭا بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، يۈزمىڭ دىناردىن ئەلا، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.»

نوئمان قوشۇنى بىلەن جەڭگە ئاتلاندى. بىرقانچە چەۋەندازنى ئالدىدا يول ئېچىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار نەھاۋەندگە يېقىنلاشقاندا ئاتلار ئىلگىرلىمەي تۇرىۋالدى. ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئاتلىرىنىڭ تۇۋاقلىرىدا مىخنىڭ ئۇچىغا ئوخشايدىغان تۆمۈر قىيىندىلىرىنى كۆردى. ئەسلىدە دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنى شەھەرگە يېتىپ بېرىشتىن توساش ئۈچۈن نەھاۋەندكە تۇتىشىدىغان يوللارغا تۆمۈر پارچىلىرىنى چېچىۋەتكەن ئىكەن.

چەۋەندازلار كۆرگەنلىرىنى نوئمانغا خەۋەر قىلدى. نوئمان ئۇلارنى ئىلگىرلەشتىن توختاپ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن كېچىدە ئوت يېقىشقا، دۈشمەنلەرنى ئۆزلىرىنى قوغلاشقا

قىزىقتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق يوللارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تازىلىتىش ئۈچۈن، قورقۇپ چېكىنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا بۇيرىدى.

بۇ ھىيلە ئىشلىدى. دېگەندەك ئۇلار مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا قورقۇپ چېكىنىپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى قوغلاش ئۈچۈن يوللارنى سۈپۈرۈشكە ئادەملىرىنى ئەۋەتتى. ئۇلار يوللارنى سۈپۈرۈپ بولۇشى بىلەنلا مۇسۇلمانلار ھۇجۇم ھالىتىگە ئۆتۈپ بارلىق يوللارنى ئىشغال قىلدى.

نوئمان قوشۇننى نەھاۋەندنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇردى ۋە دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، قوشۇنغا: مەن ئۈچ تەكبىر ئېيتىمەن، بىرىنچى تەكبىرنى ئاڭلىغان ھامان تەييار بولۇپ بولالمىغانلار تەييارلانسۇن، ئىككىنچى تەكبىردە ھەممىڭلار قولۇڭلارغا قورال ئېلىڭلار، ئۈچىنچى تەكبىردە دۈشمەنگە ئېتىلىمەن، سىلەرمۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار، دېدى.

نوئمان ئۈچ تەكبىرنى ئېيتتى ۋە دۈشمەن سېپى ئىچىگە خۇددى ئولجىغا ئېتىلغان يىلپىزدەك ئېتىلدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىمۇ خۇددى كەلكۈندەك يۇپۇرۇلۇپ كەلدى، جەڭ شۇنچىلىك شىددەتلىك بولدىكى، جەڭ تارىخىدا بۇنداق جەڭ ئاز كۆرۈلگەن ئىدى.

پارىس قوشۇنى تىرە ـ پىرەڭ بولۇپ كەتتى، تاغ جىلغىلار ئۆلۈكلەر بىلەن تولدى، قانلار ئېرىق بولۇپ ئاقتى، نوئماننىڭ ئېتى قانغا تېيىلىپ يىقىلىپ كەتتى، نوئمان قاتتىق يارىلىنىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇنىڭ قولىدىن بايراقنى ئېلىپ، نوئماننى ئۆز رىداسىغا يۆگەپ ئۇنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى مۇسۇلمانلارغا خەۋەر قىلمىدى.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن غەلىبىلەرنىڭ غەلىبىسى دەپ ئاتالغان بۇ جەڭ غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشقاندا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ باتۇر

www.munber.org

# سۇھەيب رۇمى

يەھيانىڭ دادىسى، سۇدا پايداتاپتى، سودا پايدا تاپتى...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

سۇھەيب روملۇق كىشى...

ئارىمىزدا ئۇنىڭ كىملىكىنى تونىمايدىغان، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا، ئۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلىكلەرگە قىزىقمايدىغانلار بارمۇ؟لىكىن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلىدە روملۇق بولماستىن بەلكى، ئاتىسىنىڭ نۇمەيرى قەبىلىسىدىن، ئانىسىنىڭ تەمىم قەبىلىسىدىن بولغان ساپ ئەرەپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ"رۇملۇق" دەپ ئاتىلىپ قېلىشى مۇنداق بىر ۋەقەلىك سەۋەبىدىن بولغان.

پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بىر مەزگىل بۇرۇن نومەيرى پارىس پادىشاسى كىسراغا ۋاكالەتەن "ئوبۇلە"نى باشقۇراتتى. نومەيرى بالىلىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان، تېخى بەش ياشقىمۇ توشمىغان ئوماق ئوغلى سۇھەيبنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى. سۇھەيب چىرايى نۇرلۇق، چېچى قىزغۇچ، روھلۇق، جۇشقۇن بالا بولۇپ كۇزلىرىدىن ئۇنىڭ زىرەكلىكى، ئەقىللىقلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شوخ، زىرەكلىكى بىلەن ئاتىسىنىڭ دىلىغا خۇشاللىق بېغىشلايتى.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە سۇھەيبنىڭ ئانىسى كىچىك بالىسى بولغان سۇھەيبنى ئېلىپ مۇھەپىزەتچى ۋە بىر بۇلۇك كىشىلەر بىلەن بىللە دەم ئېلىش ئۇچۇن ئىراقنىڭ "سەنىيە" كەنتىگە كەلدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە بۇ كەنتكە بىر قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ

www.munber.org

كىرىپ، مۇھەيىزەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ماللارنى بۇلاپ، بالىلارنى ئەسىرگە ئالدى. ئەسىرگە ئالغان بالىلار ئىچىدە كىچىك سۇھەيبمۇ بار ئىدى.

سۇھەيب رۇم بازىرىدىكى قۇل بازىرىدا سېتىلدى ۋە قولدىن قولغا ئالماشتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى روم دىيارىنىڭ سارايلىرىدا تولۇپ ياتقان نەچچە مىڭ قۇلنىڭ تەغدىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

قۇل بولۇش تەغدىرى سۇھەيبكە رۇم جەمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسىمىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. ئۇ سارايلاردا يۈز بېرىدىغان تۇرلۇك رەزىل قىلمىشلار، چىرىكلىكلەر، قەبىھلىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بولىۋاتقان زۇلۇملارنى، ئاھ ـ زارلارنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ بۇلاردىن نەپرەتلىنىپ: بۇنداق جەمىيەتنى توپان بالاسىدىن باشقىسى تازىلىيالمايدۇ، دەيتتى.

سۇھەيب گەرچە رۇم دىيارىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئانا تىلى بولغان ئەرەب تىلىنى ئۇنتۇپ قالايلا دېگەن تۇرۇغلۇق، ئۆزىنىڭ سەھرادا تۇغۇلغان ھەقىيقىي ئەرەپ ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمىغان ئىدى. ھەمدە ئۇنىڭ بۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ ئانا يۇرتىغا قايتىش تەشنالىقى ھەرگىزمۇ بوشاشمىدى.

بۇلۇپمۇ كىشىلەرنىڭ مەككە زېمىنىدىن بىر پەيغەمبەرنىڭ چىقىدىغىنىغا ئاز قالدى، ئۇ ئىيسا ئىبنى مەريەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلاپ، كىشىلەرنى زۇلۇمەتتىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىدۇ، دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ ئەرەپ زېمىنىغا بولغان ئىشتىياقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا قېچىش پۇرسىتى كەلدى. ئۇ قېچىپ بارلىق شەھەرلەرنىڭ ئانىسى، ئەرەبلەرنىڭ بۆشۈكى، پەيغەمبەر مەيدانغا كېلىدىغان جاي مەككىگە كەلگەندە كىشىلەر

www.munber.org

ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئىغىرلىقى، چىچىنىڭ قىزىلىقىغا قاراپ ئۇنى "رۇملۇق سۇھەيب" دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەندى.

ئۇ مەككىدە مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئان بىلەن بىرلىكتە تىجارەت قىلىپ نۇرغۇن تاپاۋەت قىلدى. بىراق ئۇنىڭ تىجارەتتىكى مەشغۇلاتتى ئۇنىڭغا خىرىستىئان راھىبىنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇلدۇرالمىدى. ئۇ ھەر قېتىم بۇ سۆزنى ئەسلىسىلا ئۆز- ئۆزىدىن: بۇ ئىش قاچانمۇ مەيدانغا كېلەر؟ دەپ سورايتتى. بۇنىڭغا ئۇزاق ئۆتمەي جاۋاب بېرىلدى.

سۇھەيب بىر قېتىملىق سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇ: مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھقا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كېلىپتۇ، ئۇ كىشىلەرنى الله قا ئىشىنىشكە، ئادىل بولۇشقا، ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ، بۇزۇق، قەبىھ يامان ئىشلاردىن توسايدىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى.

سۇھەيب: ئۇ كىشلەر تەرىپىدىن: "ئەمىين" دەپ ئاتالغان كىشى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدى. كىشىلەر: ھە، شۇ دېدى.

ـ ئۇنداقتا ئۇ ھازىر قايەردىكەن؟

ـ سەفادىكى ئەرقەمنىڭ ھويلىسىدا، بىراق سەن ئۇ يەرگە بېرىشقا ئاگاھ بول! ناۋادا قۇرەيشلەر كۆرۈپ قالسا جازالايدۇ. چۈنكى، سەن ساڭا ھامىي بولىدىغان تۇغقىنى يوق ئادەم، دېيىلدى.

سۇھەيب ئېھتىيات بىلەن ئەرقەمنىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا ئىشىك ئالدىدا ئەممار ئىبنى ياسىرنى ئۇچراتتى. سۇھەيب ئۇنى تونۇيتتى. شۇڭا: ئى ئەممار سەن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ دەپ سورىدى.

ـ ئۆزەڭچۇ؟

www.munber.org

ـ مەن ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماقچى.

ـ مەنمۇ شۇنداق.

ـ ئۇنداقتا الله نىڭ بەرىكىتى بىلەن بىرگە كىرىپ ئاڭلايلى.

سۇھەيب ئەممار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدىغا ئىمانىنىڭ نۇرى تارقالدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قول بېرىپ، بىر الله تىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەدنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. ئۇ پۈتۈن كۈننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئۇنىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلىش، سۆھبىتىدىن نىئمەتلىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. كەچ كىرىپ ئەتراپ تىنجىغاندا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن چىقتى. ئۇلار ۋۇجۇدلىرىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنى يورۇتقىدەك نۇر ھىدايەتنى كۆتۈرۈپ چىقىشقان ئىدى.

سۇھەيب بىلال، ئەممار، سۇممەيە ۋە خەبابلار بىلەن بىللە قۇرەيشلەر تەرىپىدىن ئۇلارغا قىلىنغان، ھەتتا تاغلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگىدەك دەرىجىدىكى ئېغىر ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بەردى. چۈنكى، ئۇ جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ جاپا ـــ مۇشەققەت بىلەن قورشالغىنىنى بىلەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغاندا، سۇھەيب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى بىلەن بىرگە ماڭماقچى بولدى. بىراق، قۇرەيشلەر سېزىپ قىلىپ ئۇنى توسۇۋالدى. ئۇنىڭ تىجارەتتىن ئېرىشكەن ماللىرىنى ئېلىپ قاچماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەخسۇس نازارەتچىلەرنى قويدى.

www.munber.org

سۆھەيب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ھىجرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى كۈتتى. لېكىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ نازارەتتىن قۇتۇلالمىدى. چۈنكى، نازارەتچىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتچىلىك قىلاتتى. ئۇ ئاخىرى بۇ تەقىپتىن ھىيلە ئارقىلىق قۇتۇلماقچى بولدى.

بىر كېچىسى ئۇ تالاغا ناھايىتى كۆپ چىقتى، كۆزەتچىلەر ئۇنىڭ بىردەم بىردەم ھاجەتكە چىقىنىغا قاراپ: خاتىرجەم بولۇڭلار، لات ۋە ئۇززا ئۇنىڭ قورسىقىنى تازىلاۋېتىپتۇ، دېيىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. سۆھەيب ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ مەدىنە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇ كېتىپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي كۆزەتكۈچىلەر ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى چېپىشقا قويۇۋەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئۇنىڭغا يېتىشۋالدى.

ئۇلار قوغلاپ يېتىپ كەلگەندە سۆھەيب ئېگىز بىر ئورۇنغا چىقىۋالغان بولۇپ، ئوقياسىنى بەتلىگىنىچە ئۇلارغا:

ئى قۇرەيشلىكلەر!سىلەر مېنىڭ ھەر بىر تال ئوقنى زايە قىلماي دەل جايىغا ئاتىدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر، ناۋادا سىلەر ماڭا يېقىنلاشماقچى بولساڭلار، مەن ھەر بىر تال ئوق بىلەن بىرىڭلارنى ئۆلتۈرىمەن. ئەگەر ئوقۇم تۈگىسە قىلىچىم بىلەن چاپىمەن، دېدى.

بىز سېنىڭ مال - مۈلكۈڭنى ئېلىپ كېتىشىڭگە قارشى، سەن ئەسلىدە مەككىگە قۇرۇق قول كەلگەنىدىڭ، مەككىگە كېلىپ باي بولدۇڭ، دېدى قوغلاپ كەلگۈچىلەر.

- ماللىرىمنى سىلەرگە قالدۇرسام مېنى قويۇۋېتەمسىلەر؟

www.munber.org

ـ ھەئە.

سۇھەيب ئۇلارغا مەككىدىكى ئۆيىدىكى مال ـ مۈلكى بار جاينى دەپ بەرگەندە ئۇلار ئۇ ماللارنى ئېلىۋالغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنى قويۇۋەتتى.

سۇھەيب ھاياتىنى گۈلدەك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۆلىگەن بۇ بەدىلىگە ھەرگىزمۇ ئەپسۇسلانمىدى. ئۇ سەپەردە ھېرىپ ـ چارچىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىشتىياقى بىلەن قايتىدىن جانلىنىپ يولنى يەنە داۋام قىلاتتى.

ئۇ قۇباغا يېتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كۈتىۋالدى ۋە:«ئى يەھيانىڭ دادىسى!سودا پايدا تاپتى، سودا پايدا تاپتى... »دەپ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. سۇھەيب: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى مەن بۇ يەرگە يولغا چىققاندا مېنىڭدىن بۇرۇن ھېچكىم يولغا چىقمىغان ئىدى، ساڭا جىبرىئىل خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ، دېدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ سودا ھەقىقىي پايدا تاپقانىدى. بۇنى الله ۋەھيى ئارقىلىق:{بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار الله نىڭ رەزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). الله بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر} دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

سۇھەيب ئىبنى رۇمىغا مۇبارەك بولسۇن!ئۇنىڭ ياتقان يېرى نۇرغا پۈركۈنىپ كەتسۇن، ئامىين!!!

www.munber.org

# ئەبۇ دەردا

"ئەبۇ دەردا دۇنيانى ئىككى
قولى ۋە ئىككى كۆكرىكى بىلەن
ئىتتىرگەن ئادەم"

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف.

ئەبۇ دەردا دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ ئادەتلەنگەن خەزرەجلىك ئۇۋەيمىر ئىبنى مالىك ئۇيقۇسىدىن بالدۇر ئويغۇنۇپ ئۆيىنىڭ تۆرىسىگە ئورنۇتۇلغان بۇتىنىڭ يېنىغا باردى ـ دە ئۇنىڭغا سالام قىلىپ، دۇكىنىدىن ئېلىپ كەلگەن ئەڭ ياخشى خۇش بۇي نەرسىلەر بىلەن ئۇنى مايلىدى، ئاندىن يەمەندىن كەلگەن سودىگەرلەردىن بىرى ئالدىنقى كۈنى بەرگەن ئېسىل يىپەك رەختتىن تىكىلگەن سوۋغاتلىق كىيىمدىن بىرىنى بۇتىنىڭ ئۇستۈگە يېپىپ قويدى.

قۇياش كۆتۈرۈلگەندە ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ دۇكىنى تەرەپكە يول ئالدى. مەدىنە كوچىلىرى مۇھەممەدنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلار بەدىر ئۇرشىدىن قايتىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قۇرەيشلىكلەردىن ئەسىرگە چۈشكەن كىشىلەر ماڭغان ئىدى. ئەبۇ دەردا بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولماستىن پەقەت خەزرەجلىك بىر يىگىتتىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھىنى سورىدى. ئۇ يىگىت: ئابدۇللاھ جەڭدە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، غەنىمەت ئېلىپ، سالامەت قايتىپ كەلدى، دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەبۇ دەردا خاتىرجەم بولغۇنىچە دۇكىنى تەرەپكە يولىنى داۋام قىلدى.

www.munber.org

ئەبۇ دەردانىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھنى سورۇشى ھىچكىمنى ھەيران قالدۇرمايتتى. چۈنكى، ھەممە ئادەم بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق رىشتىسىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ، ئىسلام كەلگەندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان، ئەبۇ دەردا بولسا مۇشرىكلىك ھالدا قالغان ئىدى.

لېكىن، بۇنىڭ بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئابدۇللاھ دائىم ئەبۇ دەردانى يوقلاپ تۇراتتى. ئۇنى ئىسلامغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا قىززىقتۇراتتى، دوستىنىڭ مۇشرىكلىكتە ئۆتكۈزىۋاتقان ھەر بىر مىنۇتى ئۇچۇن قايغۇرۇپ، ئېچىناتتى.

ئەبۇ دەردا دۇكىنىغا كىلىپ ئىگىز ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ، سودىسىغا ۋە خىزمەتكارلىرىنى دۇكاننىڭ ئىشلىرىگە بويرۇشتەك ئىشلارغا بېرىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۆز ئۆيىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىدىن ئۇ قىلچە خەۋەرسىز ئىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئابدۇللاھ ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ماڭغان ئىدى. ئۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا ھويلىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى، ئەبۇ دەردانىڭ ئايالىنىڭ ئۆيدە بارلىقىنى كۆردى – دە:ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم، ئى الله نىڭ ئايال بەندىسى!دەپ ئۇ ئايالغا سالام بەردى.

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئى ئەبۇ دەردانىڭ قېرىندىشى، دەپ سالامنى قايتۇردى ئۇ ئايال.

– ئەبۇ دەردا قېنى؟

www.munber.org

ـ دۆكىنىغا كەتكەن، ئۆزۈن ئۆتمەي قايتىپ كېلىدۇ.

ـ كىرسەم بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە، ئازادە كىرىۋېرىڭ. ئۇ ئايال ئابدۇللاھنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ باللىرى بىلەن ئۆز ھۇجرىسىدىكى ئىشى بىلەن بولۇۋەردى.

ئابدۇللاھ ئەبۇ دەردانىڭ بۇتى قويۇلغان ئۆيگە كىرىپ، ئۆزى ئالغاچ كەلگەن پالتا بىلەن بۇتنى چېقىشقا باشلىدى. ئۇ بۇتنى چاقاچ: اللە قا قوشۇپ ئىبادەت قىلىنغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئاساسى يوق، اللە قا قوشۇپ ئىبادەت قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز، ساختا، خاتا... دەيتتى.

ئەبۇ دەردانىڭ ئايالى بۇت بار ئۆيگە كىرىپ، چىقىلىپ يەردە ياتقان بۇت پارچىلىرىغا قاراپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ـ دە ئى ئابدۇللاھ! سەن مېنى تۈگەشتۈردۈڭ، سەن مېنى تۈگەشتۈردىڭ، دېگىنىچە ئۆزىنىڭ يۈز كۆزىگە كاچاتلاشقا باشلىدى.

ئەبۇ دەردا قايتىپ كەلگەندە ئايالى بۇت بار ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا يىغىدىن ئىسەدەپ ئولتۇراتتى. چىرايىدىن قاتتىق قورققانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەبۇ دەردا ئايالىدىن:نېمە ئىش بولدى؟دەپ سورىدى.

قېرىندىشىڭ ئابدۇللاھ سەن يوق چاغدا ئۆيگە كېلىپ، بۇتنى چېقىپ تاشلىدى، دېدى ئايالى. ئەبۇ دەردا يەردە چېقىلىپ ياتقان بۇت پارچىلىرىغا قاراپ ئىنتايىن ئاچچىقلاندى ھەم دەرھال بېرىپ ئابدۇللاھدىن ئەنتىنى ئالماقچى بولدى ـ يۇ بىرئازدىن كېيىن ئاچچىقى يېنىپ ئۆچ ئېلىش پىلانىدىن ۋاز كەچتى. چۈنكى، ئۇ: ئەگەر بۇ بۇتتا ياخشىلىق بولسا ئۆزىنى قوغدىغان

www.munber.org

بولاتتى، دىگەنلەرنى ئويلاپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھاللا ئابدۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەبۇ دەردا ئۆزىنىڭ الله نىڭ دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، ئۇ قەۋمى ئىچىدە ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولدى.

ئەبۇ دەردا مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپ باشتىن ئاخىرغىچە الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان چىن ئىشەنچىسى بىلەن ئىمان كەلتۈرۈپ كەلدى. ھەممىدە بۇندىن بۇرۇن ئىمان ئېيتماي ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئاشۇ ۋاقىتلىرى ئۈچۈن ناھايىتىمۇ بەك ئېچىندى. چۈنكى، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى الله نىڭ دىنىنى ئۆگىنىش، قۇرئاننى يادا ئېلىش، ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش، تەقۋادار بولۇش جەھەتلەردە ناھايىتىمۇ بەك ئىلگىرلەپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ يوشايمانلىق ۋاقىتلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، قاتتىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئالدىنقىلارغا يېتىشىۋېلىش، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆگىنىشنى مەخسەت قىلدى.

ئۇ ئىبادەتتە زاھىدقا، بىلىم ئېلىشقا، الله نىڭ كىتابىنى يادا ئېلىشقا، ئۇنىڭ مەنىلىرىنى چۈشۈنىشكە كېچە - كۈندۈز بوشاشماي تىرىشقۇچىغا ئايلاندى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ تىجارەتنىڭ ئىبادەت ۋە بىلىم ئېلىشقا دەخلە قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھامان ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتى. بىر ئادەم ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر ئوبدان كېتىپ بارغان تىجارىتىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى سورىغاندا ئۇ:مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن بۇرۇن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتىم. ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن تىجارەت بىلەن ئىبادەتنى بىللە قىلاي دېگەن ئىدىم. لېكىن، بۇ مۇمكىن بولمايدىكەن، شۇڭا تىجارەتنى تاشلىدىم، دەپ جاۋاب بەرگەن.

www.munber.org

ۋە يەنە: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، كۈنگە **300** دەرھەم كىرىم بولىدىغان تىجارىتىم بولغان تەغدىردىمۇ بۇ تىجارىتىم مېنى مەسچىتتىكى جامائەت نامىزىدىن قۇرۇق قالدۇرسا مەن بۇنداق تىجارىتىمنىڭ بولۇشىنى خالىمايمەن، بۇنداق دېگىنىم ھەرگىزمۇ الله سودا – سېتىقنى ھارام قىلدى دېگەنلىكىم ئەمەس، مەن تىجارىتى الله نى ئەسلەشتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويغانلاردىن بولۇشنى خالىمايمەن، دېگەن.

ئەبۇ دەردا يالغۇز تىجارەتتىنلا قول ئۈزۈپ قالماي يەنە دۇنيانىڭ زىبۇ – زىننەتلىرىدىن، مەئىشەتلىك تۇرمۇشتىنمۇ قول ئۈزۈپ تېننى ئۆرە قىلىپ تۇرۇدىغان بىر لوقمىچىلىك تائام، ئەۋرەتنى يېپىپ تۇرغىچىلىك ئاددىي كىيىم بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان زاھىدقا ئايلاندى.

قاتتىق سوغۇق كۈنلەردىكى بىر كېچىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر بۆلۈك كىشىلەر مېھمان بولۇپ چۈشتى. ئەبۇ دەردا ئۇلارغا ئىسسىق تاماق كەلتۈردى. لېكىن ياتار چاغدا يوتقان كەلتۈرمىدى. مېھمانلار بۇ توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشتى، ئارىدىن بىرەيلەن:مەن بېرىپ دەپ باقاي دېدى. قالغانلار ئۇنى توسىغان بولسىمۇ ئۇ ئادەم ئۇنىماي ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئەبۇ دەردانىڭ ھوجرىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ھېچقانداق يېپىنچىسىز ياتقانلىقىنى ئايالىنىڭمۇ ھېچبىر سوغۇقتىن دال بولالمايدىغان نېپىز كىيىملەر بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئۇ ئادەم ئەبۇ دەرداغا: سىنىڭمۇ يېپىنچاڭ يوقمۇ نېمە؟سىنىڭ ئۆي سەرەمجانلىرىڭ قېنى؟دېدى. ئەبۇ دەردا:

بىزنىڭ ئۇ يەردە( ئاخىرەتتە ) بىر ئۆيىمىز بار، بىز دۇنيادا قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرىمىزنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىپ بېرىمىز.

www.munber.org

ھازىر بۇ ئۆيىمىزدە يېپىنغىدەك بىرەر نەرسە بولسا ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن بولاتتۇق، بىزنىڭ ئاشۇ ئۆيىمىزگە يېتىپ بارىدىغان يولدا ناھايىتى بىر ئىگىز بىر داۋان بار. بۇ داۋاندىن يۈكى يەڭگىل ئادەم يۈكى ئېغىر ئادەمگە قارىغاندا تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز تېز ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن يۈكلىرىمىزنى يەڭگىللىتىۋاتىمىز، ئەمدى چۈشەنگەسەن؟دېدى. ھېلىقى ئادەم: ھەئە چۈشەندىم، الله ساڭا چەكسىز ئەجىر ئاتا قىلسۇن!دېدى.

ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! )خەلىپىلىك دەۋرىدە ئەبۇ دەردانى شامغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولدى. ئەبۇ دەردا بۇنى رەت قىلدى. ئۆمەر يەنە مەجبۇرلاپ تۇرىۋالغاندا ئەبۇ دەردا:

ئەگەر مېنىڭ ھوقۇق تۇتماي پەقەتلا كىشىلەرگە الله نىڭ كىتابىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىتىش، ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن بېرىشىمغا قوشۇلساڭ باراي، دېدى. ئۆمەر بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شام دىيارىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ دەمەشىققە كېلىپ بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ باياشات تۇرمۇشقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

ئۇ كىشىلەرنى مەسچىتكە چاقىرىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى.

ئى دەمەشىق ئەھلى!سىلەر دىندا قېرىنداش، دۇنيالىقتا خوشنا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلبە قىلغۇچىلەر سىلەر، سىلەرنىڭ مېنى ياقتۇرۇشىڭلارغا ۋە نەسىھەتلىرىمنى قوبۇل قىلىشىڭلارغا نېمە توسالغۇ بولىدى؟ مەن سىلەردىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ سىلەرگە نەسىھەت قىلىشىم ھەرگىزمۇ خىراجىتىم ئۈچۈن ئەمەس. مەن سىلەرنىڭ ئالىملىرىڭلارنىڭ تۈگەپ كىتىپ، نادانلىرىڭلارنىڭ قالغىنىنى كۆردۈم. مەن سىلەرنىڭ الله بېرىشنى ئۆز ئۈستۈگە ئالغان نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەپىلىشىپ، بۇيرۇغان ئىشلارنى تاشلاپ

www.munber.org

قويغىنىڭلارنى كۆرىۋاتىمەنغۇ؟!مەن سىلەرنىڭ يەپ بولالمىغان نەرسىلەرنى يىغىپ قويۇۋاتقانلىقىڭلارنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ؟!

سىلەردىن بۇرۇنقىلارمۇ نۇرغۇن مال ـ دۇنيا يىغقان، چېكى يوق شىرىن خىياللارنى سۈرگەن، ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى خاراپلاشتى. قىلغان شىرىن خىياللىرى كۆپۈككە، ئۆيلىرى قەۋرىستانلىققا ئايلاندى. ئى دەمەشقلىقلەر!ئاد قەۋمىمۇ ئۆز ماكانىنى مال ـ دۇنياغا تولدۇرۇۋەتكەن، ئەۋلاتلىرى كۆپەيگەن ئىدى. بۈگۈن كىم مەندىن ئادنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرىنى ئىككى دەرھەمگە ئالىدۇ؟دېدى. بۇلارنى ئاڭلاپ مەسچىت ئىچىدىكى كىشىلەر ئاۋازلىرى مەسچىت سىرتىدىكىلەر ئاڭلىغىدەك دەرىجىدە يىغلاپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ دەردا دەمەشقنىڭ بازارلىرىنى، كىشىلەرنىڭ سورۇنلىرىنى ئارىلاشقا باشلىدى، سوئال سورىغۇچىلارغا جاۋاب بېرەتتى. بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتەتتى، غاپىلغا تەنبىھ بېرەتتى، ئۇ بارلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياخشىلىق يوللىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.

بىر كۈنى ئۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ بىر كىشىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ئۇ كىشىنى تىللاۋاتقانلىقىنى كۆردۇ. ئۇ بېرىپ:نېمە ئىش بولدى؟دەپ سورايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا:ئۇ قەبىھ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەمكەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئەبۇ دەردا ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ:ئەگەر سىلەر بىر ئادەمنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەڭلار ئۇنى چىقىرىۋالامتىڭلار؟دەپ سورايدۇ.

ـ ئەلۋەتتە.

www.munber.org

ـ ئەمسە ئۇنى ئۇرماڭلار، تىلىماڭلار، بەلكى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، يول كۆرسىتىڭلار، سىلەرنى گۇناھ ئىشتىن ساقلىغان اللە قا ھەمدۇ ئېيتىڭلار.

ـ سەن بۇ كىشىنى ئەيىپلىمەمسەن؟

ـ مەن ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا ئەلۋەتتە قارشى. لىكىن، ئۇ تەۋبە قىلسا، بۇ ئىشنى قىلىشتىن يانسا، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم.

بۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم يىغلاپ قىلغان ئىشىغا تەۋبە قىلدى.

بۇ ياش ئەبۇ دەرداننىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى ! ماڭا نەسىھەت قىلغىن، دېدى.

ـ ئى ئوغلۇم!دېدى ئەبۇ دەردا ئۇ ياشقا: سەن اللە نى خوشال چاغلىرىڭدا ئەسلە، قىيىنچىلىق چاغلىرىڭدا اللە سېنى يادا ئېتىدۇ. سەن ئالىم ياكى ئوقۇغۇچى ۋەياكى ئاڭلىغۇچى بولكى ھەرگىزمۇ تۆتىنچىسى(نادان) بولۇپ قالما، بولمىسا تۇگۇشىسەن.

ـ ئى ئوغلۇم! مەسچىت ئۆيۈڭ بولسۇن!مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەسچىت بارلىق تەقۋادارلارنىڭ ئۆيى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. مەسچىتنى ئۆز ئۆيى قىلغۇچى كىشىلەرگە اللە كەڭچىلىك، رەھمەت ئاتا قىلىشقا، جەھەننەمدىكى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆتكۈزۈشكە كېپىل بولغان.

بىر كۈنى ئەبۇ دەردا كوچىدا ئەتراپىدىكى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى باللىرىم! مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىبادەتخانىسى ئۇنىڭ ئۆيىدۇر، ئۆيدە ئولتارغاندا كۆڭۈلنى، كۆزنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. سىلەر بازارلاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار، ئۇ ئادەمنى بىكارچە قىلىدۇ، دېدى.

www.munber.org

ئۇ دەمەشىقتىكى چاغلىرىدا مۇئاۋىيە ئەبۇ دەردانىڭ قىزى دەردائىنى ئوغلى يەزىدقا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئەمما ئەبۇ دەردا قىزىنى يەزىدقا بەرمەي، ئادەتتىكى مۇسۇلمان ئاممىسى ئىچىدىكى دىنى ۋە ئەخلاقى ياخشى بىر ياشقا بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ھەممە ئادەمگە پۇر كېتىپ، كىشىلەر: ئەبۇ دەردا قىزىنى مۇئاۋىيەنىڭ ئوغلىغا بەرمەي، ئادەتتىكى بىر مۇسۇلمان يىگىتكە بەردى، دەپ ھەيران بولۇشىدۇ. ئەبۇ دەردادىن بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى سورالغاندا ئۇ:

ئويلاپ بېقىڭلار! قىزىم ئالدىدا قۇل، چاكارلار قول قوشتۇرۇپ تۇرغان، ئۆزىنى ئۇچە مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن قەسىر ئىچىدە تۇرغان ھالدا كۆرسە، سېنىڭچە ئۇنىڭ ھېسسىياتى قانداق بولار؟ئۇنىڭ دىنى قانداق بولار؟دەيدۇ.

ئۇ شامدىكى چاغدا خەلىپە ئۆمەر شامنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كىلىدۇ ۋەئەبۇ دەردانىڭ ئۆيىگە كېچىسى ئۇنى يوقلاپ كىلىدۇ، ئۇ كەلگەندە ئەبۇ دەردانىڭ ئىشىكى تاقاقسىز بولۇپ، ئۆمەر قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىدۇ. ئەبۇ دەردا ئۆمەرنىڭ كەلگەنلىكىنى شەپىسىدىن بىلىپ، ئۇنى قارشى ئېلىپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئۇ ئىككىسى مۇڭدۇششقا باشلىدى. قاراڭغۇدا ئۇلار بىر بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەيتتى. ئۆمەر ئەبۇ دەردانىڭ ياستۇغىنى سىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئات تەلىكى ئىكەنلىكىنى، كۆرپە ياستۇغىنى سىلاشتۇرۇپ، كۆرپىسىنىڭ شېغىل تاش، يوتقىنىنىڭ دەمەشىقنىڭ سوغۇقىغا دال بولالمايدىغان نېپىز بىر يېپىنچا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ ئەبۇ دەرداغا:

اللہ ساڭا رەھمەت قىلسۇن!تۇرمۇش خىراجىتىڭ ئۈچۈن مال ئەۋەتىپ بىرەيمۇ؟دەيدۇ.

ئى ئۆمەر! دەيدۇ ئەبۇ دەردا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ئېسىڭدە بارمۇ؟

ـ قايسى ھەدىسنى دەيسەن؟

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ دۇنيادىن ئالىدىغان نەرسەڭلەر يولۇچىنىڭ ئوزۇقچىلىك بولسۇن!» دېمىگەنمۇ؟!

ـ ئەلۋەتتە.

ـ ئۇنداقتا بىز بۇندىن ئارتۇقىنى يەنە نېمە قىلىمىز؟ بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر يىغلاپ كەتتى. ئەبۇ دەردامۇ يىغلىدى، ئۇ ئىككىسى تاكى تاڭ ئاتقىچىلىك يىغلىشىپ چىقتى.

ئەبۇ دەردا تاكى دەمەشقتە ۋاپات بولغىچە ياشىغان ھاياتىدا كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، قۇرئان ـ ئىلىملىرىنى ئۆگىتىپ ياشىدى. ئۇنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغىچى بولغان ئاخىرقى كېسىلىدە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:قايەرىڭ بەك ئاغرىۋاتىدۇ؟دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ گۇناھلارىم.

كۆڭلۈڭ نېمىنى بەك خالايدۇ؟

پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىشىنى، دەپ ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرگە: ماڭا "لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ"نى ئوقۇپ بېرىڭلار، دەپ شۇ كەلىمىنى تەكرارلىغىنىچە جان ئۈزدى. اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن!

ئەبۇ دەردا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى مۇنداق بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە ئەتراپى كەڭرى

www.munber.org

كەتكەن، سايىلىرى سالقىن بىر گۈزەل ياپلاقنى كۆرىدۇ، ئۇ ياپلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كاتتا بىر تىرە گۈمبەز بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان چىرايلىق قويلار ئوتلاۋاتقان ئىكەن. ئەۋف: بۇ قويلار كىمنىڭ؟ دېگەندە

ئۇ قويلار ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ، دېگەن جاۋاب بېرىلدى. بۇ چاغدا

چىدىردىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف چىققىپ: ئى! ئەۋف ئىبنى مالىك!بۇلار الله نىڭ بىزگە قۇرئاننىڭ سەۋەبى بىلەن بەرگەن نېئمەتلىرى، ئەگەر سەن بۇ يولنىڭ يۇقىرىسىگە چىقساڭ، كۆزۈڭ كۆرۈپ باقمىغان، قۇلىقىڭ ئاڭلاپ باقمىغان، خىيالىڭغىمۇ كېچىپ باقمىغان، ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرىسەن، دېدى.

- ئۇ نەرسىلەر كىمنىڭ؟دېگەندە.

ئۇلارنى الله ئەبۇ دەرداغا تەييارلىغان، چۈنكى، ئۇ ئىككى دۇنيانى ئىككى ئالقىنى ۋە كۆكرىكى بىلەن ئىتتىرگەن ئادەم، دېدى.

www.munber.org

# زەيد ئىبنى ھارىس

«الله بىلەن قەسەمكى، زەيد ئىبنى ھارىس رەھبەرلىككە لايىق ئادەم، ئۇ ھەم مەن ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملىكى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

سۇئلەبەبىڭ قىزى سۇئدا مەئىن جەمەتىدىكىلەرنى زىيارەت قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغاندا، ئۇنىڭ ئوغلى زەيدئىبنى ھارىسمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردى. ئۇلار مەنزىلىگە يېتەي دەپ قالغاندا، قەيىن جەمەتىنىڭ چەۋاندازلىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ، تۆگىلىرىنى ھەيدەپ، باللىرىنى ئەسىر ئالدى. ئەسىر ئېلىنغان باللار ئارىسىدا سۇئدانىڭ ئوغلى زەيدمۇ بار ئىدى. بۇ چاغلاردا زەيد سەككىز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان كىچىك بالا ئىدى.

ئەسىرگە ئالغۇچىلار ئۇنى ئوككاز بازىرىدا بازارغا سالدى. ئۇنى قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى بولغان خۇۋەيلىدنىڭ ئوغلى ھەكىم ئىبنى ھەزام دېگەن باي تۆت يۈز دەرھەمگە سېتىۋالدى، ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ ئىككى قۇل سېتىۋېلىپ مەككىگە ئېلىپ كەتتى.

ھەكىمنىڭ ھامما ئاچىسى بولغان خەدىچە ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ھەككەم ئۇنىڭغا: ئى ھامما! مەن ئوككازدىن بىرنەچچە خىزمەتكار سېتىۋالدىم، سىز ئۇلاردىن خالىغان بىرىنى تالىۋېلىڭ، تاللىغىنىڭىزنى سىزگە سوۋغا قىلاي، دېدى.

www.munber.org

خەدىچە بۇ خىزمەتكارلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، زەيدنىڭ چىرايىدىكى ئەقىل ــ پاراسەت ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى ــ دە ئۇنى ئالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي خەدىچە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن توي قىلدى. خەدىچە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنى قۇتلۇقلاپ، ئۇنىڭغا بىر سوۋغات بەرمەكچى بولۇپ، زەيدتىن ئەۋزەللەرەك بىر سوۋغاتنى تاپالماي ئاخىرى زەيدنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدى.

بۇ تەلەيلىك بالا مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ سۆھبەتلىرىدىن، تەربىيەسىدىن، ئىسىل خىسلەتلىرىدىن نېئمەتدار بولىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى بۇ يۈرەك پارىسىنىڭ ھەسرىتى بىلەن يا ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتلەنلىكىگە ياكى ھايات ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلالماي، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇماي يىغلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ دادىسى بولسا بالىسىغا بولغان چەكسىز پىراقى بىلەن، ھەممە جايدىن ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا، بالىسىغا بولغان پىراقنى قوشاق قىلىپ مۇنداق شېئىر توقۇپ يۈرۈشكە باشلىغان ئىدى.

يوقاتتىم زەيدنى مەن، يا بىلمىدىم بولدىكىن نىمە ئۇنىڭغا.

باغلايمۇ ئۇمۇت ھايات دەپ، يا دەلىل بارمۇ يوق بولغىنىغا.

قەسەم قىلايكى ھېچ بىلمىدىم، سورىدىم ئۇنى ھەممە جايدىن.

ھەر كۈتۈرۈلگەن قوياش ئەسلىتەر، قايسى جاي ئالدى قويىنىغا.

گەر پاتسا قوياش يەنە دەيمەن، قايسى جاي ئالدى ئۇنى باغرىغا،

www.munber.org

مىنىپ تۆگىگە كىرىمەن ھەرجاي ئىزدەپ بالامنى چۆكۆپ پىراقىغا.

ھارمىدىم مەنمۇ، ھارماس تۆگەممۇ، سوراپ ئىزدەش سەپىرىدە.

يا قالارمەن، يا ئۆلەرمەن ئۆلىدىغۇ ئىنسان ھەرخىل ياشاش يوللىرىدا.

مەلۇم بىر يىلدىكى ھەج مەۋسۇمىدە زەيد جەمەتىدىن بولغان بىرقانچە كىشى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، زەيد بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار بىر بىرلىرىنى تونۇدى. ئەھۋاللاشتى. ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز دىيارىغا قايتتى ۋە ھارىسەگە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ھارىسە دەرھال ئۇلىغىنى تەييارلاپ، يۈرەك پارىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن سەرىپ قىلىدىغان مال ـ مۈلۈكنى ئېلىپ، قېرىندىشى كەئەب بىلەن بىرگە مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار مەككىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ئى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئوغلى! سىلەر الله نىڭ ئۆيىنىڭ خوشنىلىرى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىسىلەر، ئاچ قالغانغا تائام بېرىسىلەر. بىز سېنىڭ قېشىڭغا بالىمىز توغرۇلۇق كەلدۇق، يېتەرلىك مالمۇ ئېلىپ كەلدۇق. بىزگە ياخشىلىق قىلىپ بالىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بىزدىن خالىغىنىڭنى ئالساڭ، دېدى.

ـ «سىلەر دېگەن بۇ بالا كىم؟»

ـ سېنىڭ خىزمەتچىڭ زەيد ئىبنى ھارىس.

ـ «سىلەرگە تۆلەم تۆلەشتىنمۇ ئارتۇق يول يوقمۇ؟»

www.munber.org

- بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

- «مەن بالاڭلارنى چاقىراي، ئۇنىڭغا مەن بىلەن سىلەرنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرەيلى، ئەگەر سىلەرنى تاللىسا مال ئالمايمەن، ئەگەر مېنى تاللىسا الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆزىنى تاللىغۇچىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردىن ئەمەسمەن.»

مۇھەممەد زەيدنى چاقىرىپ: «بۇلار كىم؟» دېدى. ئۇ: دادام ھارىس ۋە تاغام كەئەب، دېدى.

- «مەن سېنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىڭغا قويدۇم. خالىساڭ ئۇلار بىلەن كەت، خالىساڭ مەن بىلەن قال.»

بۇنى ئاڭلىغان زەيد ھېچ ئىككىلەنمەستىن:مەن سەن بىلەن قالىمەن، دېدى.

دادىسى: ۋاي ئىسسىت ساڭا! سەن قۇللۇقنى ئاتا – ئاناڭدىنمۇ ئەلا بىلەمسەن؟ دېدى. زەيد:مەن بۇ ئادەمدىن چەكسىز ياخشىلىق كۆردۈم. ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن، دېدى.

مۇھەممەد زەيدنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ بەيتۇللاھقا ئېلىپ چىقىپ، قۇرەيشلەردىن بىر گۇرۇھ كىشىلەرگە: «ئى قۇرەيش گۇرۇھى!گۇۋاھ بولۇڭلار! بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ۋە مىراسخورۇم. مەنمۇ ئۇنىڭ مىراسخورى »دېدى. زەيدنىڭ دادىسى بىلەن تاغىسىنىڭ كۆڭلى تەسكىن تېپىپ يۇرتىغا خاتىرجەم ھالدا قايتتى.

شۇندىن ئېتىۋارەن زەيد ”زەيد ئىبنى مۇھەممەد “ دەپ چاقىرىلىدىغان بولدى. بۇنداق چاقىرىلىش تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى كېلىپ، ئىسلامدا بېقىۋالغان بالىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇدىغان

www.munber.org

ئايەت چۈشكىچىلىك داۋام قىلدى. الله تەئەلا:{ ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار}[1] دېگەن ئايەتنى چۈشەرگەندىن كېيىن زەيد، زەيد ئىبنى ھارىس دەپ چاقىرىلىدىغان بولدى.

زەيد مۇھەممەدنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۈستۈن بىلىپ تاللىغان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ قانداق بىر غەنىمەتكە ئېرىشكىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئائىلىسى ۋە ئۇرۇغ ــ تۇغقىنىدىن ئەلا بىلىپ تاللىغان كىشىنىڭ ئەسلىدە ئەۋۋەلقى ۋە ئاخىرقىلارنىڭ رەھبىرى، الله نىڭ پۈتكۈل مەخلۇقاتقا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. شۇنداقلا، كەلگۈسىدە يەر يۈزىدە قۇرۇلىدىغان بىر دۆلەتنىڭ سەۋەبى بىلەن شەرقتىن غەرىپكىچە بولغان يەر يۈزىنىڭ ھەممە يەرگە ياخشىلىقنىڭ يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مۇشۇ بۈيۈك دۆلەتنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ تۆتىنچىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى قەتئىي ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ئېنىقكى بۇ پەقەت الله نىڭ پەزلى كارامىتى بىلەنلا ئاتا قىلىدىغان ئىنايىتى. الله خالىغان بەندىسىگە پەزلى ئاتا قىلىدىغان كاتتا پەزىلەت ئىگىسىدۇر.

زەيد قېلىشنى تاللىغاندىن كېيىن ئارىلىقتا بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، الله تائالا مۇھەممەدنى ھەق ۋە ھىدايەتلىك دىن بولغان ئىسلام دىنى بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. زەيد ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ ئەۋۋەلقىسى بولدى. دېمەك، زەيد ئۆزىمۇ بىلمەستىن مۇشۇنداق بىر ئەۋزەل ئادەمنى تاللىغان ئىدى.

زەيد كېيىنكى كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيېتىنى ساقلىغۇچىسى، مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ قوماندانى،

---

[1] سۈرە ئەھزاپ 5 ـ ئايەت.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتلارغا چىقىپ كەركەندە مەدىنىدىكى ۋاكالەتەن خەلىپىسى بولۇپ قالغۇچى بولۇپ قالدى.

زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئائىلىسىدىن ئۈستۈن بىلىپ تاللىغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ زەيدنى ئائىلىسىدىلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا قويۇپ ياخشى كۆردى. ئۇ بىرياقلارغا كەتسە ئۇنى سېغىناتتى. قايتىپ كەلسە ھېچبىر كىشىگە قىلمىغان قىزغىنلىق ۋە خوشاللىق بىلەن قارشى ئالاتتى. بۇ ھەقتە ئائىشە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ سۆزلەپ بەرگىنى سۆزىمىزگە دەلىل بولۇشى مۇمكىن.

ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى زەيد سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىندىك ئۈستۈدىن تىزىغىچە كېلىدىغان كالتا ئىشتىنى بىلەنلا كىيىشكە ئۈلگۈرمىگەن كىيىمىنى سۆرىگىنىچە چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە زەيدنى قىزغىن قۇچاغلاپ سۆيۈپ كەتتى. اللە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇندىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرسىگە بۇنداق كىيىمسىز ئىشىك ئاچقىنىنى كۆرمىگەم ئىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەيدنى ياخشى كۆرۈدىغانلىقى ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىپ ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى، ياخشى كۆرگەن ئادىمى، “دېگەن ناملار بىلەن ئاتالدى. زەيدتىن كېيىن ئۇسەمەنى ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى ۋە دوستىنىڭ بالىسى“دەپ چاقىرىشاتتى.

ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلى اللە دوستىنى دوستىدىن ئايرىپ سىنىماقچى بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارىس ئىبنى ئەزەرنى بۇسرانىڭ پادىشاھىنى ئىسلامغا چاقىرىپ مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتتى. ھارىس

www.munber.org

ئىئوردانىيەنىڭ شەرقىدىكى مۇئەتتەگە بارغاندا غەسسان پادىشاھىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، باغلاپ بۇسرا پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى ـ دە ھارىسنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. چۈنكى، تاكى شۇ كۈنگىچە ئۇنىڭ بىرەرمۇ ئەلچىسى ئۆلتۈرۈلمىگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئەتتەدە جەڭ قىلىش ئۈچۈن **3000** كىشىلىك قوشۇن تەييارلاپ، بۇ قوشۇنغا زەيدنى قوماندان قىلدى. ۋە: «ئەگەر زەيدقا قازا يەتسە جەفەر ئىبنى ئىبۇ تالىپ قوماندان بولسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قازا يەتسە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قازا يەتسە، مۇسۇلمانلار ئۆزى ئىچىدىن بىرىنى قوماندان قىلسۇن» دېدى.

قوشۇن ئىئوردانىيىنىڭ شەرقىدىكى "مەئان"غا يېتىپ بارغاندا، رۇم پادىشاھى ھىرەقلى غەسسانلارنى قوغداش ئۈچۈن **100** مىڭ جەڭچىگە ئۆزى باش بولۇپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلارغا ئەرەپ مۇشرىكلىرىدىن يەنە **100** مىڭى قوشۇلدى. بۇ زور قوشۇن مۇسۇلمانلارغا يېقىن بىر جايدا چۈشتى.

مۇسۇلمانلار مەئاندا قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. بەزىلەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەكتۇپ يوللاپ دۈشمەننىڭ ساندىن مەلۇمات بېرەيلى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتەيلى، دېدى. بەزىلەر: ياق اللە بىلەن قەسەمكى، بىز ئاز ياكى كۆپ كۈچ بىلەن ئەمەس بەلكى بۇ دىننى دەپلا ئۇرۇش قىلىمىز، نىيەت قىلىپ چىققان ئىشقا ئاتلىنايلى، اللە بىزگە ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشتۈرۈشكە يەنى ياكى شېھىدلىككە ياكى زەپەرگە ئېرىشتۈرۈشكە ۋەدە قىلغان، دېدى.

www.munber.org

مۇسۇلمانلار شۇنداق شىددەت بىلەن جەڭ قىلدىكى، سانى شۇنچە كوپ بولغان رۇم قوشۇنىنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى.

زەيد الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ بايرىقىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، مىسلىسىز باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، بەدىنىگە نەچچە يۈز نەيزە تېگىپ قانغا مىلانغان ھالدا يىقىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بايراقنى جەفەر ئېلىپ جەڭ قىلىپ ئۇمۇ يىقىلدى. بايراقنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئالدى. ئۇمۇ يۇقىرقى ئىككىسىدەك قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ يىقىلدى. مۇسۇلمانلار خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئۆزلىرىگە قوماندان قىلدى. (ئۇ تېخى ئىسلامغا يېڭى كىرگەن ئىدى. )ئۇ قوشۇننى يىغىپ بىر تەرەپتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇئەتتەنىڭ خەۋىرى ۋە ئۈز قوماندانلىرىدىن ئۇچەيلەننىڭ شېھىد بولغانلىق خەۋىرى يەتكەندە ناھايىتى بەك قايغۇردى. ئۇ زەيدنىڭ ئۆيىگە بارغاندا زەيدنىڭ كىچىك قىزى يىغلىغان پېتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاشلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ يىغلاپ ئاۋازى سىرتقا چىقىپ كەتتى. سەئىد ئىبنى ئۇبادە:ئى الله نىڭ پەيغەمبەرى ! بۇ نىمە ئىش ؟دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ دوستىنىڭ دوستقا يىغلىشى»دېدى.

www.munber.org

## سەئىد ئىبنى زەيد

ئــى الله! ســەن مېــنى بــۇ
ياخشــىلىقتىن مــەھرۇم قىلغــان
بولســاڭ، ئوغلــۇم ســەئىدنى
مەھرۇم قىلمىغىن.

سەئىدنىڭ دادىسى زەيد.

زەيــد ئىبــنى ئۆمــەير ئىبــنى نوپــەيل بــايرامىلىرىدىن بىــر بـايرامنى تەبرىكلـەۋاتقان قۇرەيـش مۇشرىكلىرىگـە يىـراقتىن قـاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۇ كىشىلەرنىڭ قىممەت پۇللۇق سەلىلەرنى يۆگىشىپ، يەمەننىڭ ئېسىل رەختلىرىدىن تىكىلگـەن كىيىملـەرنى كىيىشىپ، گىدىيىشــىپ تۇرۇشــقىنىنى، ئايــاللار ۋە بــالىلارنىڭ چىــرايلىق بايراملىق كىيىم ـ كېچەكلىرنى كىيىشىپ، زىننەت بويوملىـرىنى تاقاشقانلىقىنى، ئۆلارنىڭ بۇتلىرى ئالدىدا بوغۇزلاش ئۈچۈن ھەر خىل زىننەتلىك نەرسىلەر بىلەن بىزەلگەن قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللارنى ئېلىپ كېلىشكەنلىكلىرنى، كۆردى.

ئۇ كەيىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ:ئى قۇرەيش ئەھلى!قوينى بولسا الله ياراتقان، الله ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، زېمىنىدا ئوت ـ چۆپلەرنى ئۈندۈرۈپ، شۇ ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قويلارنى تويغۇزۇپ، چوڭ قىلىدۇ. سىلەر بولساڭلار بۇ قويلارنى الله دىن باشقىسىغا يەنى بۇتلارغا بوغۇزلايسىلەر، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن نادان دەپ قارايمەن، دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانلارنىڭ بىرى بولغان ئۆمەرنىڭ دادىسى خەتتاب(ئۇنىڭ تاغىسى ئىدى) ئورنىدىن تۇرۇپ زەيدنىڭ يۈزگە بىر كاچات سالدى ۋە: يوقال!بىز سېنىڭ بۇنداق تېتىقسىز گەپلىرىڭنى كۆپ ئاڭلاپ كەتتۇق، ئەمدى

www.munber.org

يەنە ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتىمىز قالمىدى، دېدى. ھەممىدە بىر قىسىم نادانلارنى ئۇنىڭ ئەدىۋنى بېرىشكە كۈشكۈرتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزدى. ھەتتا ئۇ مەككىدىن قېچىپ چىقىپ ھىرا غارىغا كېلىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. خەتتاب ئۇنىڭ مەككىگە كىرمەسلىكىنى تۇساش ئۈچۈن ئادەم بەلگىلىدى، ئۇ مەككىگە كىرمەكچى بولسا پەقەت يوشۇرۇنچە كىرەلەيتتى.

زەيد ئىبنى ئەمىر ئىبنى نەۋپەل، رەقەت ئىبنى نەۋپەل، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشى، ئۇسمان ئىبنى ھارىس، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلاھنىڭ ھاممىسى ئۇمەيمە بىنتى ئابدۇل مۇتەللىپ قاتارلىقلار بىريەرگە يىغىلىپ، ئەرەپلەردىكى بۇ ئازغۇنلىقلار توغرىسىدا شىكايەتلەر قىلىشتى ۋە: ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك كىشىلەر ھازىر ھەق ئۈستىدە ئەمەس، ئۇلار ئىبراھىمنىڭ دىنىنىدىن ئېزىپ، ئۇنىڭغا قارشى بولغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. بىز بولساقمۇ ئۆزىمىزگە توغرا بولغان بىر نىجاتلىق ئىزدەيلى، دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن بۇلاردىن تۆت ئەر يەھۇدىي، خىرىستىئان ۋە باشقا ئىتىقاتتىكى دىنىي ئالىملارنىڭ قېشىغا ئىبراھىمنىڭ دىنىنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇلار ئىچىدىن ۋەرەقە خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشى بىلەن ئۇسمان ئىبنى ھارىس ھېچبىر نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. ئەمما زەيد ئىبنى ئەمىر ئىبنى نەۋپەلنىڭ ئۆزگىچە بىر كەچۈرمىشى بولدى. بۇنى بىز ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلايلى.

مەن يەھۇدىي ۋەخىرىستىئان دىندارلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ دېلىم قانائەت ھاسىل قىلغىدەك بىر نەرسىگە ئېرىشەلمەي، توغرا بولغان بىر دىنىنى ئىزدەپ زېمىنىنىڭ يىراق جايلىرىغا سەپەر قىلدىم. ئاخىرى شام دىيارىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە كىتابى بىلىمى بار بىر ئىلمىلىك كىشىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتىم ــ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزەمنىڭ كېلىش مەقسىتىمنى ئۇنىڭغا بايان

www.munber.org

قىلدىم. ئۇ:ئى مەككىلىك قېرىندىشىم! سەن ئىبراھىمنىڭ دىنىنى ئىزدەۋېتىپسەن ــ دە، دېدى.

مەن: ھەئە، مەن شۇنى ئارزۇ قىلىمەن، دېدىم.

سەن بۇ كۆڭلەردە يوق بولغان بىر دىننى ئىزدەپسەن، بىراق سەن يۇرتۇڭغا قايتىپ كەتكىن، الله سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ئىبراھىمنىڭ دىنىنى يېڭىلايدىغان بىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنى تاپالىساڭ ئۇنىڭغا ئەگەشكىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەككىگە قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندىم.

زەيد يېڭىدىن كېلىدىغان پەيغەمبەرنى ئىزدەپ مەككىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يول ئۈستىدىكى چاغلاردا الله پەيغەمبىرى مۇھەممەدنى ھەق ۋە ھىدايەتلىك دىنى بىلەن ئەۋەتتى. لىكىن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشالمىدى. چۈنكى، تاغلىقلار ئۇنى يولدا تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. زەيد ئاخىرقى تىنىقلىرىدا: ئى الله !سەن مېنى بۇ ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلغان بولساڭ، ئوغلۇم سەئىدنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلمىغىن!دەپ تىلىدى.

الله زەيدنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىشقا باشلىغاندا زەيدنىڭ ئوغلى سەئىد الله غا ئىشىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلىغانلارنىڭ ئەۋەلقىلىرىدىن بولدى.

سەئىدنىڭ دىننى بۇنداق تېز قوبۇل قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى، سەئىد قۇرەيشلەرنىڭ ئازغۇنلىقلىرىنى يامان كۆرىدىغان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، ھاياتى بويىچە ھەقنى ئىزدىگەن ۋە ئۇ يولدا ۋاپات بولغان زەيددەك بىر ئادەمنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بالىدۇر.

www.munber.org

مۇسۇلمان بولغاندا ئائىلىسىدىن يالغۇز ئۇلا ئىمان ئېيتقان بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئايالى يەنى ئۆمەر ئىبنى خاتتاپنىڭ سىڭلىسى فاتىمەمۇ ئىمان كەلتۈردى.

قۇرەيشلىك بۇ يىگىت قەۋمى تەرىپىدىن دىندا باشقا ساھابىلار ئۇچرىغان بېسىم ۋە ئەزىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بېشىدىن كەچۈردى. قۇرەيشلەرنىڭ ئۇنىڭغا سالغان ئازاپلىرى ئۇنى ئىسلامدىن قايتۇرۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن ھەتتا ئۇنىڭ ئايالى يەنى قۇرەيشلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان خەتتابنىڭ قىزىنىڭمۇ ئىسلام كەلتۈرۈشىگە، بۇ ئارقىلىق يەنە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىگە سەۋەپكار بولدى.

سەئىد ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاتىدى. ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندا يېشى تېخى يىگىرمىگىمۇ يەتمىگەن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بەدرىدىن باشقا ھەممە جەڭگە قاتناشتى. بەدىر كۈنى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىغان بىر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن مەدىنىدىن ئايرىلغان ئىدى.

ئۇ كىسرانىڭ تەختىنى يوق قىلىش، ئۇنىڭ پادىشالىقىغا خاتىمە بېرىشتە باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە تۆھپە قوشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئېلىپ بارغان ھەر بىر ئۇرۇشىدا ئۇنىڭ ماختىنغۇدەك، ئەسلىگىدەك ئىش ـ ئىزلىرى بار ئىدى. يەرمۇك ئۇرۇشى بولغان كۈنىدىكىسى بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكرەكى بولسا كېرەك. بۇ توغرىلىق ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

يەرمۇك كۈنى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنى **24** مىڭ ئەتراپىدا ئىدۇق. رۇملۇقلار بولسا **120** مىڭ ئادەم بىلەن چىقتى. ئۇلار بىزنىڭ ئۈستۈمىزگە مۇستەھكەم بىر تاغدەك دەب ـ دەبە بىلەن كەلدى. سەپلىرىنىڭ ئالدىدا ئېپىسكوپ، روھانىي ۋە

www.munber.org

پوپىلىرى كىرىستلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان بولۇپ مۇناجاتلىرىنى ئۈنلۈك تەكرارلىغىنىچە كېلىشەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر كۆپلىگىنى كۆرۈپ دىللىرىغا قورقۇنچ تەشۋىشى چۈشتى.

بۇ چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە مۇسۇلمانلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ: ئى الله نىڭ بەندىلىرى! الله غا ياردەم بېرىڭلار، الله مۇ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ. سىلەرنى جەڭ مەيدانلىرىدا مۇستەھكەم، چىداملىق قىلىدۇ. ئى الله نىڭ بەندىلىرى ! چىداملىق بولۇڭلار، چىدامچانلىقڭلار كاپىرلاردىن قۇتقۇزىدۇ. الله نى رازى قىلىدۇ. نومۇسنى يۇيىدۇ. مەن بويرۇق چۈشۈرمىگىچە دىلىڭلاردا الله نى ياد ئېتىشتىن باشقا ئىش قىلماڭلار، دېدى.

سەئىد سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار ئىچىدىن بىر ئادەم چىقىپ: ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! مەن ئۆزەمنى ئۆلۈمگە ئاتىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىدىغان سۆزلىرىڭ بارمۇ؟دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدە: بار، مەندىن ۋە مۇسۇلمانلاردىن سالام، دېگىن. ھەمدە، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!بىز پەرۋەردىگارىمىز ۋەدە قىلغان ئىشلارغا ئېرىشتۇق، دېگىن، دېدى.

مەن ئۇ مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دۈشمەن تەرەپكە قىلىچىنى سۇغارغىنىچە ماڭغىنىنى كۆرۈپ، ئۆزەمنى يەرگە ئاتتىم ـ دە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ نەيزەمنى بىز تەرەپكە كەلگەن تۇنجى پارىسقا سانجىدىم، ئاندىن سەكرەپ تۇرغۇنىمچە دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلدىم. الله مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىدىكى قورقۇنچنى كۆتۈرۈۋەتتى. بارلىق كىشىلەر دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلدى. مۇسۇلمان قوشۇنى ھەتتا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغىنىغا قەدەر شىددەت بىلەن جەڭ قىلدى.

www.munber.org

سەئىد دەمەشىقنى پەتھى قىلىش جەڭگىمۇ قاتناشتى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇنى دەمەشىققە ۋالىي قىلىپ قالدۇردى، ئۇ دەمەشىققە ۋالىي بولغان تۇنجى مۇسۇلمان كىشى بولدى.

بەنى ئۇمەييە نىڭ زامانىسىدا سەئىددە: مەدىنەلىكلەر ئۇزۇن زامانلارغىچە ئېغىزدىن چۈشۈرمىگىدەك بىر ئىش يۈز بەردى.

ئۇۋەيسنىڭ قىزى ئەرۋا: سەئىد مېنىڭ زېمىنىمنى ئۆزىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېتىۋ، دەپ قاراپ بۇ سۆزنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقاتتى. ھەتتا بۇ سۆز مەرۋانغىمۇ يېتىپ باردى. مەرۋان بۇ ھەقتە سەئىدقا گەپ قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. بۇ ئىش سەئىدقا ئېغىر كەلدى ۋە

: ئۇ ئايال ماڭا زۇلۇم قىلدى، دەپتۇ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىر غېرىچ زېمىنى ئىگىلىۋالسا، قىيامەت كۈنى بۇ زېمىن يەتتە قات قاتلىنىپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ» دېگەنلىگىنى ئاڭلىغان تۇرۇپ قانداقمۇ ئۇ ئايالغا زۇلۇم قىلاي. ئى الله! ئەگەر ئۇ ئايال يالغان ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ، مېنىڭدىن تالاشقان قۇدۇقىغا تاشلىۋەت !مېنىڭ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمىغانلىقىم ھەققىدە مۇسۇلمانلار ئىچىدە بىر ئىسپات قىلغىن !دەپ دۇئا قىلدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەقىق جىلغىسىغا كەلكۈن كەلدى. ئىككى تەرەپ جىدەلىشىپ قالغان چىگرا ئېچىلدى. سەئىدنىڭ راستچىللىقى ئىسپاتلاندى.

ئارىدىن بىر ئايا ئۆتۈپ ھېلىقى ئايالنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ زېمىنىنى ئايلىنىپ يۈرگەندە ئۆز يېرىدىكى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

بىز بالىلىق چاغلىرىمىزدا چوڭلارنىڭ بىر ـ بىرىگە: الله سېنى ئەرۋانى قارغۇ قىلغاندەك قارغۇ قىلىۋەتسۇن !دېگەنلىرىنى ئاڭلايتتۇق، دېيدى. بەددۇئانىڭ ئۇنداق ئىجابەت بولغىنىدىن ھەيران قىلىش ھاجەتسىز. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر زۇلۇم قىلىنغۇچىلارنىڭ دۇئاسىدىن ساقلىنىڭلار، ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن الله نىڭ ئوتتۇرىسىدا توساق يوق» دېگەن. بۇنداق بولغان ئىكەن ھاياتلىقىدا جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خوش خەۋەر بېرىلگەن سەئىد ئىبنى زەيدتەك ئۇلۇغ ساھابىنىڭ دۇئاسىنى الله قوبۇل قىلماسمۇ؟!

www.munber.org

## ئۇمەير ئىبنى سەئىد (2)

مـــەن مۇســـۇلمانلارنىڭ ئىشـــلىرىغا
ئىشلىتىش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا
ئۇمـــەيىردەك كىشـــىلەرنىڭ بولۇشـــىنى
ياخشى كۆرىمەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب.

بىز ئالدىنقى بەتتە ئۇلۇغ ساھابە ئۇمەيىر ئىبنى سەئىدنىڭ ھاياتىدىكى ئاجايىپ جۇلالىق كۆرۈنۈشلەر ئۈستىدە توختالغان ئىدۇق. ئەمدى بولسا ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ياراتقان ئاجايىپ كۆرۈنۈشلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. زىرەك ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ بۇرۇنقىدىن كۆپ دەرىجىدە گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

ھۇمسلىكلەر ئۆز باشلىقلىرىنى قاتتىق سۆكۈدىغان، ئۇلار ئۈستىدىن كۆپ شىكايەت قىلىدىغان كىشىلە ئىدى. ئۇلارغا بىرەر باشلىق كەلسىلا ئۇلار ئۇنىڭدىن ئەيىپ تاپماي قويمايتتى. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىگە مەلۇم قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر باشلىقنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشاتتى.

ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەلىپىلىك قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ھۇمۇسلىقلار قۇسۇر تاپالمىغىدەك، ئەخلاقىدا بىرەر نۇقسان ئۇچرىمىغىدەك بىر كىشىنى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتىش نىيىتىگە كەلدى.

www.munber.org

ئۇ كىشىلەرنى بىر-بىرلەپ نەزىرىدىن ئۆتكەزگەندىن كېيىن ئۇمەيرىدىنمۇ لايىقراق بىرەرىنى تاپالمىدى. گەرچە بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇمەير اللە يولىدا غازات قىلغۇچى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ شام دىيارلىرىدا ئارال دۆلەتلەرنى كېزىپ يۈرۈپ، شەھەرلەرنى ئازات قىلىپ، ئىستىھكام، قورغانلارنى پاچاقلاۋاتقان، قەبىلىلەرنى بوي سۇندۇرۇپ، قەدىمى يەتكەنلا جايلاردا مەسچىتلەرنى بىنا قىلىۋاتقان بولسىمۇ خەلىپە ئۆمەر ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۇمۇسنىڭ ۋالىيلىقىنى تاپشۇردى ۋە دەرھال يولغا چىقىشقا بۇيرىدى. ئۇمەير بۇ بۇيرۇققا گەرچە نارازى بولسىمۇ يەنىلا بۇيرۇققا بىنائەن يولغا چىقتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچقانداق ئىشنى اللە يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئارتۇق بىلمەيتتى.

ئۇمەير ھۇمۇسقا بېرىپلا كىشىلەرنى نامازغا يىغىلىشقا چاقىردى. ناماز ئاخىرلاشقاندا خۇتبە سۆزلىدى. ئۇ اللە غا ھەمدۇ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد سالاملار يوللىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ئى خالايىقلار! ئىسلام بولسا يىمىرىلمەس قورغان ۋە مۇستەھكەم ئىشىكتۇر. ئىسلام بىر قۇرغان بۇلسا ھەقىقەت ۋە ئادىللىق ئۇنىڭ ئىشىكىدۇر. ناۋادا قورغان ئۆرۈلۈپ، ئىشىكلىرى پاچاقلانسا بۇ دىنىنىڭ ھىمايىسى بۇزۇلىدۇ. ھاكىمىيەت كۈچلۈك بولسىلا ئىسلام دىنى ساقلىنىپ قالىدۇ، ھاكىمىيەتنىڭ كۈچلۈك بولىشى ھەرگىزمۇ قامچا بىلەن ئۇرۇش، ياكى قىلىچ بىلەن چېپىش بولماستىن، بەلكى، ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشتە ئادىل بولۇش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ... دېدى. ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ ئىجراسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەك ئۈچۈن خىزمىتىگە بېشچىلا كىرىپ كەتتى.

www.munber.org

ئۆمەيىر ھۇمۇستا بىر يىل تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ خەلىپە ئۆمەرگە بىرەر پارچىمۇ مەكتۇپ يازمىدى. مۇسۇلمانلار غەزىنىسىگە بىر دىنارمۇ ئەۋەتمىدى.

بۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئۆمەرنىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغۇلدى. ئۇ ئۆز قول ئاستىدىكى ۋالىيلارنىڭ ھوقۇق تۇتقانلىق سەۋەبىدىن چىرىكلىشىپ، ئېزىپ كېتىشىدىن ناھايىتى ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقىلار بۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنالمايتتى. ئۇ كاتىبىغا: سەن دەرھال ئۆمەيىرگە مېنىڭ نامىمدىن، بۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان تېزدىن بۇ يەرگە يېتىپ كەل!كەلگىچە مۇسۇلمەنلاردىن يىغقان خىراجەتنى ئالغاچ كەل، دەپ مەكتۇپ ياز!دەپ بۇيرىدى.

ئۆمەيىر مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان ئۇزۇق ــ تۈلۈك خالتىسىنى يۈدۈپ، تاماق يەيدىغان ۋە تاھارەت ئالىدىغان قاچىسىنى ئېلىپ، نەيزىسىنى مۈرىسىگە ئارتقىنىچە ھۇمۇستىن ئايرىلىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۆمەيىر مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ، چاچلىرى ئۆسۈپ، ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن ئېغىر سەپەر ھاردۇقى چىقىپ تۇراتتى.

ئۆمەيىر خەلىپە ئۆمەرنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلگەندە ئۆمەرنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن خەلىپە ئۆمەر: ئى ئۆمەيىر !ساڭا نېمە بولدى؟دېدى

ئۆمەيىر: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى !ماڭا ھېچ ئىش بولمىدى. تەنلىرىم ساق، تىمەن تۇردۇم، اللە غا شۈكرى، مەن دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدىم، دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئۇنى مۇسۇلمانلار غەزىنىسىگە مال ئېلىپ كەلگەن

www.munber.org

ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ: سەن ئۆزەڭ بىلەن نېمەلەرنى ئېلىپ كەلدىڭ ؟دېدى.

ئۆمەير: مەن مۇشۇ خالتامنى ئېلىپ كەلدىم. بۇ خالتىدا مېنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكۈم، تاماق يەيدىغان ۋە تاھارەت ئالىدىغان، باش كۆزۈمنى، كىيىملىرىمنى يۇيىدىغان قاچام بار، دېدى.

ئۆمەر: سەن پىيادە كەلدىڭمۇ، دەپ سورىدى. ئۆمەير: ھە شۇنداق، ئى مۇئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى!

- سەن ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولغاندىن كېيىن ئۇلار ساڭا بىرەر ئۇلاغ بەرمىدىمۇ؟

- ئۇلارمۇ بەرمىدى، مەنمۇ ھەم سورىمىدىم.

- مۇسۇلمانلار غەزىنىسىگە ئېلىپ كەلگەن ماللار قېنى؟

- مەن ھېچنەرسە ئېلىپ كەلمىدىم،

- نېمە ئۈچۈن؟

- چۈنكى، مەن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ھۆمۈستىكىلەردىن ياخشى كىشىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا خىراجەت يىغىش ئىشىنى تاپشۇردۇم. ئۇلار ھەر قېتىم نەرسە ـ كېرەك يىغىپ كەلسە بۇ نەرسىلەرنى قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن ئۇنى ئېلىپ قىلىپ ھاجەتمەنلەرگە سەرپ قىلىپ بەردىم، دېدى.

ئۆمەر بۇ چاغدا كاتىۋىغا: ئۆمەيرنى ھۆمۈسقا ۋالىي قىلىش مەكتۇبىنى قايتىدىن ياز!دېدى. ئۆمەير دەرھال ئۆمەرگە: ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغىن!مەن بۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن. ھەم ئەمدى ساڭا ۋە سەندىن كېيىن بىرەرسىگىمۇ ئىشلىمەيمەن، ، دېدى ـ

www.munber.org

www.munber.org

دە مەدىنىگە سىرتىدىكى بىر كەنتتە ئائىلىسى بىلەن تۇرۇشقا ئۆمەردىن ئىجازەت ئالدى.

ئۆمەيىر ئۇ كەنتكە كېتىپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۆمەر بۇ دوستىنى بىر سىناپ باقماقچى بولۇپ ئۆزىنىڭ ھارىس ئىسىملىك ئادىمىگە: ئى ھارىس!سەن ئۆمەيىرنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بار، ئەگەر ئۇنىڭ ئۆيىدە باياشاتچىلىقنى كۆرسەڭ گەپ – سۆز قىلماي قايتىپ كەل!ناۋادا ئۇلارنىڭ جاپادا قالغانلىقنى كۆرسەڭ بۇنى ئۇنىڭغا بەر!دەپ يۈز دىنار سېلىنغان ھەميانىنى بەردى.

ھارىس ئۆمەيىر تۇرغان كەنتكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئۆمەيىرنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپتى. ئۇلار ئۇچراشقاندا ھارىس:ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم راھمەتۇللا، دېدى. ئۆمەيىرمۇ ئۇنىڭ جاۋابىنى قايتۇردى:

– قايەردىن كەلدىڭ؟

– مەدىنىدىن.

– مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

– ياخشى.

– مۇمىنلەرنىڭ خەلىپىسى قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟

– ياخشى، ساغلام تۇرۇۋاتىدۇ.

– شەرىئەت جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتامدۇ؟

– شۇنداق، ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. بىر كىشى زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن دەررە يەپ ئۆلۈپ كەتتى.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەيىر: ئى الله سەن ئۆمەرگە ياردەم بەرگىن !مەن ئۇنىڭ سېنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن، دېدى.

ھارىس ئۆمەيرنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن مېھمان بولدى. ئۆمەير ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر تال ئارپا نېنى بېرەتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئۆمەيرنىڭ خوشنىلىرىدىن بىرى ھارىسقا: سەن ئۆمەير ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى قىيناپ قويدۇڭ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ساڭا بەرگەن ئاشۇ ئارپا نېنىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئاچلىق ۋە قىينچىلىقلار ئۇلارنى قىينىدى. ئەگەر مېھمان بولساڭ بىزنىڭ ئۆيگە بار!دېدى.

بۇ چاغدا ھارىس دىنارلارنى ئۆمەيرگە سۇندى. ئۆمەير: بۇ نېمە ؟دېدى. ھارىس: بۇنى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ساڭا ئەۋەتتى، دېدى.

بۇنى ئېلىپ كېتىپ قايتۇرۇپ بەر!ئۇنىڭغا سالام دېگىن، ۋە ئۆمەرگە: بۇ پۇللار ئۆمەيرگە لازىم ئەمەسكەن، دەپ قويغىن، دېدى.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىغان ئۆمەيرنىڭ ئايالى: ئى ئۆمەير!سەن بۇ پۇللارنى ئېلىپ قال، ئەگەر ھاجىتىڭ چۈشسە ئىشلىتەرسەن، لازىم بولمىسا بۇ يەردىمۇ ئېھتىياجلىقلار كۆپتۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھارىس بۇ پۇللارنى ئۆمەيرگە قويۇپ كەتتى. ئۆمەير بۇ پۇللارنى كىچىك ھەميانلارغا ئۆلەشتۈرۈپ سېلىپ ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە تارقىتىپ بولغاندىن كېيىلا ئاندىن: ئۇھ، دېدى. ئۇ بۇ پۇللارنى تارقىتىشتا ئاساسەن شېھىدلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى ئاساس قىلغان ئىدى.

ھارىس مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۆمەر ئۇنىڭدىن: نېمە ئىشلارنى كۆردۈڭ؟دەپ سورىدى.

- قىينچىلىقلارنى، ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى!

- دىنارلارنى ئۇنىڭغا بەردىڭمۇ؟

www.munber.org

ـ ھەئە.

ـ ئۆمەير ئۇ پۇللارنى قانداق قىلدى؟

ـ بىلمەيمەن، بىراق مەن ئۇنىڭ بۇ پۇللاردىن بىرەر دىنارنىمۇ ئۆزىگە ئېلىپ قالدۇ، دەپ ئويلىمايمەن.

ئۆمەر:بۇ مەكتۇبۇم تەككەن ھامان دەرھال بۇ يەرگە كەل!دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يېزىپ ئۆمەيرگە ئەۋەتتى.

ئۆمەير تېزلا يېتىپ كەلدى. ئۇ كەلگەندە ئۆمەر ئۇنىڭغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ: ئى ئۆمەير ! ئۇ دىنارلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭ ؟دەپ سورىدى.

ئۆمەير: سەن ئۇ دىنارلارنى ماڭا بېرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە نېمە دەپ سورايسەن؟

ـ سېنىڭ ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىڭنى بىلگىم بار.

مال ۋە پەرزەنت پايدا بېرەلمەيدىغان كۈندە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قالدۇردۇم. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: سېنىڭ ئۆزەڭ ئېھتىياجلىق تۇرۇپمۇ باشقىلارنى ئۆزەڭدىن ئەلا بىلىدىغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر ۋەسەق ئاشلىق، ئىككى قۇر كىيىم بۇيرۇپ بەردى.

ئۆمەير:ئوزۇق ـ تۈلۈك كېرەك ئەمەس. مەن ئائىلەمدە ئىككى سا ئارپا قالدۇرۇپ كەلدىم. ئۇ تۈگىگىچە الله بىزگە رىزق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. لىكىن، بۇ ئىككى قۇر كىيىمنى باللىرىمنىڭ ئانىسى ئۈچۈن ئېلىپ قالاي. ئۇنىڭ كىيىملىرى كونىراپ بەدەنلىرى كۆرۈنىپ قالغىدەك بولۇپ قاپتىكەن، دېدى.

www.munber.org

ئـــاردىـن ئـــۇزاق ۋاقـــت ئۆتمـــەي، ئۆمـــەيىر پـــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام بىلــەن ئۇچرۇشــش ئۈچـۈن بـۇ دۇنيـادىـن سەپـەر قىلدى. ئۇ ئاخىرەت يۇرتىغا خاتىرجەم، بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس يۇكلىرىدىن ھېچنىمىنى كۆتەرمىگەن ھالدا قەدەملىرى مۇستەھكەم، يەڭگىل يۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن پەقەت پەرزكارلىق ۋە تەقۋالىقنىلا ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

خەلىپە ئۆمەرگە ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چەكسىز قايغۇ ـ مۇسىبەت قاپلىدى. ئۇ قايغۇرغـان ھـالدا: مۇسـۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغـە قويـۇش ئۈچـۈن ئۆمەيىردەك كىشىلەرنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتىم، دېدى.

الله ئۆمەيىر ئىبنى سەئىدتىن رازى بولسۇن!ھەم ئۇنى رازى قىلسۇن! ئۇ كىشىلەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر ئۈلگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتىۋىدە يېتىشىپ چىققان ئالاھىدە ئوقۇغۇچى ئىدى.

www.munber.org

# ھەبىب ئىبنى زەيد ئەنسارى

«اللە سىلەرگە ئائىلە تەرەپتىن بەرىكەت بەرسۇن!رەھمەت قىلسۇن!»

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

ھەبىب ئىبنى زەيد، ھەر بىرىدىن ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ھىدلىرى پۇراپ تۇرۇدىغان، ھەر بىرىنىڭ چىھرىدە پىداكارلىق، قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرۇشتەك جان پىداكىق ئەكس ئېتىپ تۇرۇدىغان كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلدى.

ئۇنىڭ ئاتىسى زەيد ئىبنى ئاسىم مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن شۇنداقلا ئەقەبە بەيئىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى چىڭ سىققان 70 نەچچە كىشىنىڭ بىرسىدۇر. ئۇ بەيئەت قىلغان ئاشۇ خاسىيەتلىك مىنۇتلاردا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئىككى بالىسىمۇ بەيئەت قىلغۇچىلار بولدى.

ھەبىبنىڭ ئانىسى اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى قوغداپ قولىغا قورال ئالغان تۇنجى ئايال مۇجاھىدە ئۇممۇ ئەممارە نەسەيبەتۇل مازىنىييە ئىدى. ئوھۇد كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز تېنى بىلەن قوغداپ قالغان زات ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد بولسا ئۇنىڭ قېرىندىشى ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئائىلىسى توغرىسىدا: «اللە سىلەرگە ئائىلە تەرەپتىن بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!اللە سىلەرگە ئائىلە تەرەپتىن رەھمەت بەرسۇن!» دېگەن.

ئىلاھى نۇر ۋە ئىمان ھەبىب ئىبنى زەيدنىڭ يۇمران قەلبىگە سىڭىپ كىرىپ، مۇستەھكەم ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭغا پەزىلەتلىك،

www.munber.org

ئۇلۇغ نېئمەت ئىگىسى بولغان **70** نەچچە كىشىلەردىن بولغان ئاتىسى، دادىسى، ھاممىسى، قېرىنداشلىرى بىلەن بىرگە مەككە بېرىشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىك پۇرسەت نېسىپ قىلىنغان ئىدى. ئۇ مەككىدە بىرگە كەلگەن يۇقىرىقى كىشىلەر بىلەن بىرگە بىر قاراڭغۇ كېچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ يومران، كىچىك قولىنى سوزۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا "ئەقەبە" بەيئىتى قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ سۆيۈملۈك، ئىسلام بولسا جېنىدىنمۇ قىممەتلىك بولۇپ قالدى.

ھەبىب بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشمىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ خېلى كىچىك ئىدى. ئوھۇدقا بېرىشمۇ نېسىپ بولمىدى. چۈنكى، ئۇ تېخىچە قورال كۆتۈرەلىگىدەك چوڭ بولمىغان ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق جىھادلارنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە قاتناشتى. ئۇنىڭ ھەر بىر جەڭدە ئېرىشكەن ئىززەتلىك بايرىقى، ئۇلۇغلۇق سەھىپىسى، پىداكارلىق كۆرسەتكەن ھېكايىسى بار ئىدى. لېكىن، بۇ جىھادلارنىڭ ھەممىسى بىز سىزلەرگە ئالاھىدە بايان قىلىپ بەرمەكچى بولغان ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈشكە نىسپەتەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنغان تەييارلىقتىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. بىز ئاڭلىغان ھەر بىر ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇدىغان، يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ كۆرۈنۈشنى سىزلەرگە بايان قىلماقچىمىز.

ھىجرىيەنىڭ توققۇزىنچى يىلى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسى پۇختىلىنىپ، شانۇ ـ شەۋكىتى جاھانغا تارالغاندا ئەرەب يېرىم ئارىلىرىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىكى ۋەكىللەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ ۋەكىللەرنىڭ قاتارىدا

نەجىد دىيارىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن كەلگەن بەنى ھەنەيپەنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار ئىدى.

بۇ ۋەكىلەر تۆگىلىرىنى مەدىنىنىڭ سىرتىغا چۆكتۈرۈشتى. يۈك ـ تاقلىرىغا قاراشقا مۇسەيلىمەتۇ ئىبنى ھەبىيبەل ھەنەفىي دەپ ئاتىلىدىغان، بىر كىشىنى قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىرى ۋە خەلقىنىڭ ئىسلام كەلتۈرگەنلىكىنى بىلدۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قارشى ئالدى. ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئېسىل سوۋغاتلارنى بەردى. ھەتتا ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىغا قاراشقا قالغان كىشىگىمۇ شۇلارغا ئوخشاش بېرىشكە بۇيرىدى.

ۋەكىلەر نەجدتىكى يۇرتلىرىغا قايتىپ بېرىشىغىلا مۇسەيلىمە ئىسلامدىن يېنىپ مۇرتەد بولۇپ كەتتى ۋە قەۋمىدىكى كىشىلەرگە: الله مۇھەممەدنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكىنىدەك، ئۆزىنىڭ بەنى ھەنىيفەگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكى كىشىلەر نۇرغۇن سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭ سەپسەتىلىرىگە ئىشىنىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى قەبىلىۋازلىق ۋە تەرەپبازلىق ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىر كىشى مۇنداق دېگەن:مەن مۇھەممەدنىڭ راستچىل، مۇسەيلىمەنىڭ ھەققەتەن يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. لېكىن، مەن ئۈچۈن رەبىئە قەبىلىسىنىڭ يالغانچىسى، مۇزەر قەبىلىسىنىڭ سەممىي، راستچىل كىشىسىدىن سۆيۈملۈكتۇر.

مۇسەيلىمەنىڭ كۈچى زورىيىپ، ئىشلىرى راۋاج تاپقاندا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇسەيلىمەدىن الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە سالام!

www.munber.org

مەقسەتكە كەلسەك، مەن پەيغەمبەرلىكتە سەن بىلەن شېرىكلەشتىم. زېمىننىڭ يېرىمى سېنىڭ، قۇرەيشلەرنىڭ، يېرىمى بىزنىڭ. لېكىن، قۇرەيشلەر تاجاۋۇزچى خەلق. دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يېزىپ ئۇنى ئىككى كىشىدىن ئەۋەتتى.

بۇ خەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بېرىلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئىككىسىدىن: «سىلەر بۇنىڭغا قارىتا نېمە دەيسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئىككىسى:بىز مۇسەيلىمە دېگەننى دەيمىز، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ناۋادە ئەلچىلەر ئۆلتۈرۈلسە بولىدىغان ئىش بولسا مەن ئەلۋەتتە سىلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتىم، دېدى. ھەمدە مۇسەيلىمەگە:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. اللە نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن يالغانچى كازاپ مۇسەيلىمەگە!سالام ھىدايەتكە ئەگەشكەن كىشىلەرگە بولسۇن!

مەقسەت:زېمىن اللە نىڭ! اللە ئۇنى خالىغان بەندىلىرىگە مىراس قىلىپ بېرىدۇ. ياخشى ئاقىۋەت اللە تىن قورققۇچىلارغا مەنسۇپ!دەپ مەكتۇپ يازغۇزۇپ ئۇنى ھېلىقى ئىككىسىدىن ئەۋەتتى.

مۇسەيلىمەتۇ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، بۇزغۇنچىلىقلىرى ئەۋجىگە چىقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئازغۇنلۇقىنى توساپ قىلىش ئۈچۈن بىر مەكتۇپ ئەۋەتىشنى لايىق كۆردى. ھەم بۇ مەكتۇپنى بىزنىڭ ھېكايىمىزنىڭ باش پېرسوناسى ھەبىب ئىبنى زەيدنى تاللىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ ياشلىق گۈللىرى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان، چوققۇسىدىن تاپىنىغىچە ئىماننىڭ نۇرى بىلەن تولدۇرۇلغان مۇمىن ياش ئىدى.

www.munber.org

ھەبىيب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىغان بۇ ئىشقا سۇسلۇق قىلماستىن كىچىكمەستىن ئاتلاندى، ئۇ چۆل ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، ئاخىرى نەجدەنىڭ يۇقىرى تەرپىدىكى بەنى ھەنىپە دىيارىغا يېتىپ بېرىپ، مەكتۇپنى مۇسەيلىمىگە بەردى.

مۇسەيلىمە مەكتۇپنى ئوقا ـ ئوقمايلا، ۋۇجۇدى غەزەپ ۋە ھەسەتكە تولدى، سېرىق كۆرۈمسىز سەت يۈزىدە ۋاپاسىزلىق شۇملۇق ئاشكارە بولدى، ئۇ ھەبىبنى باغلاشقا، ئەتە چاشكاھ ۋاقتىدا ئەكىرىشكە بۇيرىدى. ئەتىسى بولغاندا، مۇسەيلىمە، سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى، ئەگەشكۈچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئازغۇنلىقنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئوڭ ـ سول تەرىپىگە تۇرغۇزدى ۋە كۆپچىلىككە كىرىشكە رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، ھەبىبنى ئەكىرىشكە بۇيرۇق بەردى، ئۇ كەلتۈرۈلدى، ئۇ يغىر كىشەن ئىچىدە تەستە ماڭاتتى.

ھەبىيب بۇ ھەسەتخور جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قامىتى تۈز، غەيرەت ـ شىجائىتى ۋرغۇپ تۇرغان ھالدا، بەئەينى ماھىر ھۈنەرۋەن كۆكۈل قويۇپ ياسىغان پولات ئوقياغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىلىپ تىك تۇردى. مۇسەيلىمە ئۇنىڭدىن: مۇھەممەدنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟

ـ شۇنداق! ئەلۋەتتە مۇھەممەدنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دېدى. مۇسەيلىمە ئاچچىغىنىڭ كەلگىنىدىن باشقىچە بولۇپ، ھەبىبتىن:

ـ مېنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دەپ قارامسەن؟ دەپ سورىدى ھەبىيب، مەسخىرى ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن:

ـ سېنىڭ بۇ گېپىڭنى ئاڭلاشتىن قۇلۇقۇم گاستۇر! دېدى.

www.munber.org

بۇ ۋاقىتتا مۇسەيلىمەنىڭ چرايى تاتىرىپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ، لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا:

- جاللات! ئۇنىڭ بەدىنىدىن كەس! دېدى، جاللات ھەببىكە قىلىچ ئۇرۇپ، بەدىنىدىن بىر پارچە گۆش كەستىدە كېسىلگەن پارچە گۆش، يەرگە دومىلاپ چۈشتى مۇسەيلىمە سۇئالىنى قايتىلىدى،

- مۇھەممەدنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟

- ئەلۋەتتە مۇھەممەدنى الله نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن:

- مېنى الله نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟

مەن سېنىڭ دېگىنىڭنى قۇلۇقۇم ئاڭلىمايدۇ دېدىمغۇ مۇسەيلىمە ئۇنىڭ بەدىنىدىن يەنە كېسىشكە بۇيرىدى!... كېسىلدى! بۇ پارچىمۇ، ئىلگىرىكى پارچىنىڭ قېشىغا بېرىپ چۈشتى، ئەتراپتىكى كىشىلەر ھەببىبكە كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە، ئۇنىڭ سەممى جاسارىتىگە ھەيرانلىق ئەجەبلىنىش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.

مۇسەيلىمە سورايتتى، جاللات كېسەتتى، ھەببىب:- مەن مۇھەممەدنى الله نىڭ پەيغەمبىرى، دەيمەن! دەيتتى، ھەتتاكى ھەببىبنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمى يەرگە چېچىلغان بىر نەچچە پارچىغا، يېرىمى بولسا، مۇسەيلىمەگە جاۋاب بېرىدىغان، گەپ قىلىدىغان يەنە بىر پارچىغا ئايلاندى...

ئاخىرى ئۇنىڭ روھى جىسمىدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ پاك لەۋلىرىدە، ئەقەبە كېچىسى بەيئەت قىلغان پەيغەمبەرنىڭ مۇبارەك ئىسمى...

www.munber.org

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى... بار ئىدى.

خەۋەرچى ئۇنىڭ ئانىسى نەسىبە تۇل مازنىيەگە، ھەبىبىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى، بۇ ئايال تۇۋەندىكىدىن باشقا سۆز قىلمىدى:

مەن ئۇنى مۇشۇنداق ئىشقا تەييارلىغان ئىدىم! الله نىڭ دەرگاھىدىن، ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۈمىت قىلىمەن ئۇ كىچىك ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەقەبە كېچىسى بەيئەت بەرگەن ئىدى! مانا بۈگۈن چوڭ بولغىنىدا بەيتىڭگە ۋاپا قىلىپتۇ!...

ئەگەر الله مېنى مۇسەيلىمەگە ئۇچراشتۇرسا، چوقۇم قىساس ئالىمەن!...

نەسىبە ئارزۇ قىلغان ئۇ كۈن كېچىكمەستىنلا كەلدى، خەلىپىلىك ئابابەكرىنىڭ قولىدىكى چېغىدا ئۇنىڭ جاكارچىسى ئابابەكرىنىڭ مەدىنىدە پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان كاززاپ مۇسەيلىمەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش چاقىرىقىنى جاكارلىدى.

مۇسۇلمانلار بۇ جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئالدىراپ يولغا چىقىشتى، بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە نەسىبەتۇ مازىنىيە ۋە ئوغلى يەنى ھەبىب ئىبنى زەيدنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدمۇ بار ئىدى. جەڭنىڭ ئاخىرقى كۈنى خۇددى غەزەپكە تولغان ئانا شىر كەبى سەپلەرنى يېرىپ ئۆتۈپ جەڭگە كىردى ۋە: الله نىڭ دۈشمىنى قېنى؟ماڭا الله نىڭ دۈشمىنىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار!... دەپ توۋلايتتى. ئۇ مۇسەيلىمەننىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا قانغا بويۇلۇپ يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ دىلى خۇرسەن بولغان ھالدا ئارام تاپتى.

www.munber.org

# ئەبۇ تەلھە ئەنسارى

بىز ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۇممۇ سۇلەيمگە بەرگەن تويلۇغىدەك ئېسىل تويلۇقنى كۆرمىدۇق! ئۇنىڭ تويلۇقى ئىسلام بولغان ئىدى.

مەدىنە ئاياللىرى.

ئەبۇ تەلھە دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان زەيد ئىبنى نەججارى، مىلھانەن نەججارىنىڭ قىزى ئۇممۇ سۇلەيمىم دېگەن نام بىلەن چاقىرىلىدىغان رۇمەيسەنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭ تۇللۇقىدىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ بۇنداق خوش بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇممۇ سۇلەيم ئەخلاقلىق، ئەقىللىق... دەك سۈپەتلەرگە ئىگە ئېسىل خانىم ئىدى.

ئەبۇ تەلھە ئۇممۇ سۇلەيمگە كۆز تىكىپ تۇرۇۋاتقان ئەرلەرنىڭ بىرەرىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن بېرىپ ئۇنىڭغا گەپ ئېچىپ قىلىشىدىن ئىلگىرى ئۆزى ئالدىدا بېرىپ گەپ ئېچىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۆزىنى ھورمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئەبۇ تەلھە قورامىغا يەتكەن، يۈز ئابرويلۇق، باي ئادەم بولۇپلا قالماي بەنى نەججار قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق مەرگەنلىرىنىڭ مەدىنىدىكى مەرگەنلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئۇ ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ مەككىدىن كەلگەن دىن تەشۋىقاتچى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مۇھەممەدكە

www.munber.org

ئىشنىپ ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئىسىگە ئالدى. ئارقىدىنلا يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە: ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىمۇ ئاتا ــ بوۋىسىنىڭ دىنىغا ئەگىشىپ، مۇھەممەد چاقىرغان دىندىن يۈز ئۆرىگەن ئەمەسمىدى؟!دېگەنلەرنى خىياللىدىن كەچۈردى.

ئەبۇ تەلھە ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۆيگە كەلدى ۋە ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى چەكتى. ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىڭ كىرىشىگە روخسەت بەردى. ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئوغلى ئەنەس ئۇنىڭ يېنىدا بار ئىدى. ئەبۇ تەلھە كېلىش مەقسىتىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىڭغا:

ئى ئەبۇ تەلھە !سىزگە ئوخشاش ئادەمنىڭ تەلىۋە رەت قىلىنمايدۇ. لىكىن، سىز كافىر تۇرۇپ مەن سىز بىلەن توي قىلالايمەن، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئەبۇ تەلھە ئىچىدە:بۇ ئۇنىڭ بىر باھانىسى، ئەسلىدە ئۇ مەندىن باي، ئابرويلۇق بىرىگە ماقۇل كىلىپ بولغان گەپ دېگەنلەرنى ئويلىدى ۋە ئۇممۇ سۇلەيمگە: الله بىلەن قەسەمكى!سىزنىڭ مېنى قوبۇل قىلماسلىقتىكى سەۋەبىڭىز ھەرگىز بۇ ئەمەس، دېدى.

ـ ئەمىسە نېمە؟

ـ ئاق ـ سېرى.

ـ ئالتۇن ـ كۈمۈش ؟

ـ شۇنداق.

ـ ئى ئەبۇ تەلھە!ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى گۇۋاھ قىلايكى!ئەگەر سىز مۇسۇلمان بولسىڭىز مەن سىزگە ئالتۇن ــ كۈمۈشسىز تېگىشكە رازى. مەن سىزنىڭ ئىسلامىڭىزنى ئۆزەمگە تويلۇق قىلدىم، دېدى.

www.munber.org

ئەبۇ تەلھە ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ يۇقىرقى سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىيالى قەبىلىسىدىكى كاتتىۋاشلىرىغا ئوخشاش قىلىپ ياسىۋالغان بۇتلىرىغا ئۆيىدىكى بۇتلىرىغا يۆتكەلدى.

ئۇممۇ سۇلەيم تۇمۇرنى قىزىققىدا سۇقماقچى بولۇپ: ئى ئەبۇ تەلھە!سىز الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان ئىلاھىڭىزنىڭ زېمىندىن چىقىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەمەمسىز؟دېدى.

بىلىمەن.

سىز بىر پارچىسىنى ئۆزىڭىزگە ئىلاھ قىلىۋالغان ئۇ نەرسىنىڭ باشقا پارچىلىرىنى باشقىلار ئۆيلىرىدە ئۇنىڭ قىززىقلىقىدىن پايدىلىنىپ، تاماقلىرىنى، نانلىرىنى، تاماقلىرىنى پىشۇرۇپ يەيدىغان تاش ـ ئۇتۇن ياغاچ ئورنىدا ئىشلىتىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىدىن نۇمۇس قىلمامسىز؟... ئى ئەبۇ تەلھە!ئەگەر سىز مۇسۇلمان بولسىڭىز مەن سىزنىڭ ئىسلامىڭىزدىن باشقا تويلۇق تەلەپ قىلمايمەن، دېدى.

ئەبۇ تەلھە: ئۇنداقتا ئىسلامنى ماڭا كىم ئۆگىتىدۇ؟

ـ مانا مەن ئۆگىتىمەن. ئاۋۋال سىز ھەق سۆزنى ئېيتىپ، بىر الله تىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەدنىڭ ھەق ئەلچى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىسىز، ئاندىن ئۆيىڭىزگە قايتىپ بېرىپ بۇتىڭىزنى چېقىپ تاشلايسىز.

ئەبۇ تەلھە خوشال ھالدا:بىر الله تىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەدنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن!دېدى.

ئاريدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار توي قىلدى. مۇسۇلمانلار: بىز ئەزەلدىن ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ تويلىغىدەك ئېسىل تويلۇقنى كۆرمىگەن ئىدۇق، ئۇ ئىسلامنى ئۆزىنىڭ تويلىقى قىلدى، دېيىشەتتى.

www.munber.org

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئەبۇ تەلھە ئىسلام بايرىقى ئاستىغا قوشۇلدى ۋە ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتى، ئەقىل ـ ئىقتىدارىنى ئىسلام ئۈچۈن بېغىشلىدى. ئۇ مەككىگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەقەبە بەيئىتى قىلغان **70** كىشىنىڭ بىرى، شۇنداقلا شۇ كېچىدە مەدىنە مۇسۇلمانلىرىغا باشلىق قىلغان **12** كىشىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق غازاتلارغا قاتناشتى ھەم بۇ غازاتلاردا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز، ئەڭ شەرەپلىكى بولسا ئوھۇد كۈندىكى ئىش ـ ئىزى ئىدى.

ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىكى، ئۇنىڭغا قاراپ تويمايتتى. سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قانمايتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ:مېنىڭ جېنىم ئۈچۈن سەن ئۈچۈن پىدا، مېنىڭ بەدىنىپ سەن ئۈچۈن قالقان، دەيتتى. ئوھۇد كۈنى جەڭ قاتتىقلىشىپ مۇسۇلمانلارغا مەغلۇبىيەت يۈزلەنگەندە پاتپارىقچىلىقتا مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ كېتىشتى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇر چىشىنى سۇندۇرۇپ، چېكىسىنى يېرىپ، لەۋلىرىنى جاراھەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇبارەك يۈزىگە قان ئاقۇزدى.

بەزى مەيدانسىز قورقانچاق كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دەپ ئىغۋا تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ روھى سۇنۇپ، كۈچى ئاجىزلىشىپ قېچىش تەيالىقىدىمۇ بولۇشتى. جەڭ مەيداندا بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ تەلھە قاتارلىق ساناقلىق بىرقانچە كىشىلا قالغان ئىدى.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تەلھەنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، قوغدىلىنىۋاتقان چاغدا، ئۇ پەيغەمبەرىمىزنىڭ ئالدىدا، خۇددى مۇستەھكەم تاغقا ئوخشاش تىك تۇردى.

ئەبۇ تەلھە، مەغلۇپ بولمايدىغان ئوقياسىنى بەتلەپ، خاتا كەتمەيدىغان ئوق بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا، مۇشرىكلارغا بىر ـ بىرلەپ ئېتىشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ تەلھەنىڭ كەينىدىن، ئوق چۈشكەن ئورۇننى كۆرۈش ئۈچۈن بېشىنى چىقىرىپ بوينىنى سوزسا، ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋپ يېتىشتىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيتتى:

ـ سەن ئۈچۈن ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن! ؟ئۇلارغا قارىما! ساڭا زىيان يېتىپ قالىدۇ! مېنىڭ مەيدەم سېنىڭ مەيدەڭنىڭ ئۇدۇلىدا، كۆكرىگىم سېنىڭ كۆكرىگىڭنىڭ ئۇدۇلىدا! مەن ئۆزەمنى سېنىڭ ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا ئاتىدىم!...

بۇ چاغدا، مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن بىر ئادەم چىقىپ، قېچىپ كېتىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئىدى، ئۇنىڭدا بىر ئوقدان ئوق بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىپ:

ـ ئوقلىرىڭنى ئەبۇ تەلھەنىڭ ئالدىغا چېچىۋەت! ئۆزەڭ قاچساڭمۇ ئوقلىرىڭنى ئېلىپ دىدى!..

ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداپ ھەتتاكى، ئۈچ ئوقيا سۇنۇپ كەتتى، مۇشرىكلار قوشۇنى ئىچىدىن الله ئۆلتۈرۈشنى خالىغانلار ئۆلتۈرۈلدى.

www.munber.org

ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ قالدى.

ئەبۇ تەلھە، ھەل قىلغۇچ ۋاقىتلاردا، الله يولىدا جېنى بىلەن سېخىلىق قىلغىنىدەك مېلىنى سەرپ قىلىشتىمۇ كۆپ سېخى ئىدى...

جۈملىدىن، ئۇنىڭ چوڭ بىر گۈزەل خورمىلىق ئۈزۈملۈك بىر بېغى بار بولۇپ، مەدىنە بىز ئۇ باغدىن گۈزەل، دەرەخلىرى كۆپ، مېۋىلىرى تاتلىق سۇلىرى تەملىك باغنى كۆرمىگەن ئىدى!

ئەبۇ تەلھە بىر كۈنى بۇ باغنىڭ سالقىن بىر يېرىدە، ناماز ئوقۇۋاتقاندا، رەڭگى سېرىق تۇمشىغى قىزىل پۇتلىرى رەڭلىك بىر گۈزەل قۇش، شوخ، مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن سايراپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى...

قۇش شوخلۇق قىلىپ، بىر تەرەپتىن سايراپ، بىر تەرەپتىن ئۇسۇل ئوينىغان ھالدا، دەرەخ شاخلىرىدا ئويناشقا باشلىدى.

... ناماز ئوقۇۋاتقان ئەبۇ تەلھەنى، قۇشنىڭ كۆرۈنىشى قىزىقتۇردى ـ دە، خىيالى قۇش بىلەن بىرگە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى...

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېسىنى يىغدى ـ يۇ، لېكىن قانچە رەكەت ناماز ئوقۇغانلىغىنى

ئىككى رەكەتمۇ؟!...

ئۈچ رەكەتمۇ؟!...

تۆت... بىلەلمىدى.

ئۇ نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ماڭدى ۋە بېرىپ:

www.munber.org

باغ، چەكسىز كەتكەن مۆلىلىك دەردخلىك، ۋە سايراپ تۇرغان قۇشنىڭ، ئۇقۇۋاتقان نامىزىنى بۇزىۋەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلدى...

ئاندىن پەيغەمبىرىمىزگە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى گۇۋاھ بولغىنكى، مەن بۇ باغنى الله يولىدا سەدىقە قىلىۋەتتىم... سەن ئۇنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى كۆرىدىغان ئورۇنغا ئىشلەتكىن، دېدى.

ئەبۇ تەلھە ئۆمۈر بويى روزا تۇتۇپ، الله يولىدا جىھاد قىلغان ھالەتتە ياشىدى. شۇنداقلا، روزا تۇتقان، جىھاد قىلغان ھالىتىدە ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەقەت روزا تۇتۇش ھارام قىلىنغان ياكى مەكرۇھ سانىلىدىغان كۈنلەرنىڭ باشقا كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشنى تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 30 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان ئىدى. ئۇ ئۇزۇن كۆرگەن بولۇپ ناھايتى ياشىنىپ قالغىچە ياشىدى. لىكىن، ئۇنىڭ ياشىنىپ قېلىشى ئۇنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىشىغا ھېچ تۇسالغۇ بولمىدى. ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە مۇسۇلمانلار دېڭىز ئۇرۇشىغا چىققىشقا بەل باغلىدى. ئەبۇ تەلھە مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن بىرگە چىقىشقا تەييارلانغاندا بالىلىرى ئۇنىڭغا: ئى ئاتا!الله سىزگە رەھمەت قىلسۇن!سىز ياشىنىپ قالدىڭىز، سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەرلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلدىڭىز. ئەمدى سىز ئۇرۇشقا چىقماي دەم ئېلىڭ، ئورنىڭىزدا بىز ئۇرۇشقا چىقىلى دېدى. ئەبۇ تەلھە:بۈيۈك ۋە غالىب الله بىزگە: {سىلەر بىر پۈتۈن چىقىڭلار} دېگەن، الله ھەرگىزمۇ قېرى، ياش دەپ ئايرىماستىن ھەممىمىزنىڭ چىقىشىمىزنى بۇيرىغان!... دەپ ئاخىرى جەڭگە چىقتى.

ئۇزۇن ياشىغان بۇ موېسىپىت، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېمە ئۈستىدە قاتتىق كېسەل بولۇپ يېرىم يولدا ھاياتىدىن ئايرىلدى.

www.munber.org

مۇسۇلمانلار ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن قورۇقلۇق ئىزلەشكە باشلىدى. ئۇلار دېڭىزدە يەتتە كۈن يۈرگەندىن كېيىن ئاندىن بىر ئاندىن بىر ئارال تاپتى. بۇ يەتتە كۈندىن بۇيان ئەبۇ تەلھەنىڭ جەسىدى كېمە ئۈستۈدە يۆگەكلىك بولۇپ، ئۇ خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك قىياپەتتە ھېچقانداق ئۆزگەرمەي تۇرغاندى، ئۇنىڭ جەسىدى دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالغا، يەنى ئائىلە ۋە بالا چاقىلىرىدىن، يۇرتىدىن يىراق بىر جايدا قالدى. ئەملىيەتتە ئۇ اللہ غا يېقىن تۇرسا باشقىسىنىڭ يىراق بولۇشىنىڭ نېمە زىيىنى؟

اللہ ئەبۇ تەلھەنىڭ جۇشقۇن روھى، كامىل ئىمانى، سېخىلىقى، ئۈچۈن ھەممىمىزدىن ياخشى مۇكاپات بەرسۇن!بىزنى ھەم ئەۋلادلىرىمىزنى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن!

www.munber.org

# سەلەمە ئىبنى قەيس ئەشجەئى

ئەھۋازنى فەتتھ قىلغۇچى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم ھالدا قانغۇدەك ئۇخلىۋېلىشى ئۈچۈن كېچىدە مەدىنىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆزەتچىلىك قىلىپ ئويقۇسىز ئۆتكۈزدى.

ئۇ كۈچا ئايلانغاچ ئەھۋازغا بارىدىغان قوشۇننىڭ بايرىقىنى كىمگە تۇتقۇزۇش ئۈستىدە ئويلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدىن باتۇر، قەيسەر كىشىلەرنى بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېسىگە بىرى كېلىشى بىلەن ئۆز- ئۆزىگە: تاپتىم، تاپتىم، دەپ تووۋلاپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۇ سەلەمە ئىبنى قەيسنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: مەن سېنى ئەھۋازغا بارىدىغان قوشۇنغا قوماندان قىلدىم، اللە نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتلانغىن، اللە يولىدا اللە نى ئىنكار قىلغانلار بىلەن ئۇرۇشقىن، ئەگەر سىلەر مۇشرىكلاردىن بولغان دۈشمەنلەرگە بىلەن ئۇچراشساڭلار ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار ئىسلامغا كىرىپ ئۆز يۇرتلىرىدا تۇرۇپ قېلىشنى خالىسا جەڭدە سىلەرگە ياردەم بەرمىسە ئۇلارغا پەقەت زاكات بېرىشلا پەرز بولىدۇ، ئېلىنغان غەنىمەتتە ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى يوق، ئەگەر ئۇلار جەڭدە ھەمكارلاشسا ئۇلارمۇ سىلەر نېسىۋىدار بولغان نەرسىلەردىن ئوخشاش نېسىۋىدار بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسا ئۇلارنى تۆلەم تۆلەشكە بۇيرۇڭلار، ئۇلارغا چېقىلماڭلار، ئۇلارنى

www.munber.org

ھىمايە قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان ئىشقا ئۇلارنى تەكلىپ قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار تۆلەم بېرىشكىمۇ ئۇنىمىسا ئاندىن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىڭلار، اللە سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، ناۋادا ئۇلار مۇداپىئەلىنىۋېلىپ ئاندىن اللە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ھۆكمىگە چۈشۈشنى تەلەپ قىلسا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماڭلار، سىلەر اللە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ھۆكمىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسىلەر، جەڭدە غەلىبە قىلساڭلار نەرسىلەرنى ئوغۇرلىقچە ئېلىۋالىدىغان، خىيانەت قىلىدىغان، رەھىمسىزلىك، ئۆلۈكلەرنى پارچىلاش، كىچىكلەرنى ئۆلتۈرۈشتەك ئىشلارنى قىلماڭلار!... دېدى.

سەلەمەئىبنى قەيس: بۇيرۇقىڭىزغا بويسۇنىمىز ۋە سىزگە ئىتائەت قىلىمىز، ئى مۆئمىلەرنىڭ خەلىپىسى! دېدى. ئۆمەر ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن ئۇزۇتۇپ قويدى، ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنىڭغا دۇئالار قىلدى، ئۆمەر سەلەمەتۇنىڭ يەلكىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى. چۈنكى ئەھۋازنىڭ يوللىرى ئىگىز- پەس، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان بۇسرا بىلەن پارىس چېگرىلىنىدىغان رايون ئىدى، بۇ يەردە كورد مىللىتىدىن بولغان كۈچلۈك خەلق ياشايتتى.

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى پارىسلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ۋە ئۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشخالىيەت دائىرىسى قىلىپ ئۇلارنىڭ بۇ يەرنى ئەسكەر تۇرغۇزۇش گازارمىسى قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەھۋازنى ئىشخال قىلىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، ئۇنداق بولمىغاندا ئىراقنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكى تەھدىتكە ئۇچرايتتى.

سەلەمە قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ئەمما ئۇلار ئەھۋاز رايون دائىرىسى ئىچىگە كىرىش بىلەنلا بۇ يەرنىڭ ناچار تەبىئىي مۇھىتى بىلەن كۈرەش قىلىشقا دۇچ كەلدى. قوشۇن ئىگىز قىيالارغا ياماشقاندا ئىگىزگە ئۆرلەشتىكى مۈشكۈللۈكنىڭ جاپاسىنى تارتسا،

www.munber.org

پەسكە قاراپ چۈشكەندە ھالاكەتلىك ساسلىقنىڭ خەتىرىگە دۇچ كېلەتتى، مەيلى ئويغاق ياكى ئۇخلىغان ھالەتتە بولسۇن زەھەرلىك يىلان ـ چايانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپەلىنىشكە توغرا كېلەتتى. لىكىن سەلەمەنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان جۇشقۇن روھى ئەسكەرلەرگە شىجائەت بېغىشلايتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن تارتقان بۇ جاپا ـ مۇشەقەت ۋە قىيىنچىلىقلار شىرىن ۋە ئاسان تۇيۇلاتتى، ئۇ پات ـ پات قوشۇندىكى ئەسكەرلەرنىڭ روھىغا مەلھەم بولىدىغان مۇئمىنلىك روھقا ئىگە ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى قىلىپ ئۇلارنىڭ روھلىرىنى ئورغۇتسا، كېچىلىرى قۇرئان ئوقۇپ مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك ئاۋازى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ھارغىنلىق ۋە جاپاسىنى ئۇنتۇلدۇراتتى.

سەلەمە مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ بۇيرىقى بويىچە ئەھۋاز ئەھلىنى ئالدى بىلەن ئىسلامغا چاقىردى، ئۇلار بۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، ئۇلارنى تۆلەمگە بۇيرۇۋىدى بۇنىڭغىمۇ چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتتى، ئەمدى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماقتىن باشقا يول قالمىغان ئىدى. ئۇلار الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاپ ئۈچۈن الله يولىدا جىھاد قىلىشقا ئاتلاندى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش كەڭ ـ كۆلەملىك، قاتتىق ئۇرۇش بولدى، ھەر ئىككىلا تەرەپ كەم كۆرۈلىدىغان قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى. جەڭ باشلىنىپ بەك ئۇزۇنغا سوزۇلمايلا جەڭنىڭ غەلىبىسى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاتلانغان مۆئمىلەر تەرەپكە يۈزلەندى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

جەڭ ئاخىرلاشقاندا سەلەمە قوشۇن ئارىسىدا غەنىمەتلەرنى ئۆلەشتۈرۈشكە تۇتۇش قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆرۈپ ئۇنى خەلىپىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى خالىدى ۋە

www.munber.org

قوشۇندىكىلەرگە: بۇ زىننەت بۇيۇملىرى سىلەرگە تەقسىملەنسە سىلەرگە بۇنىڭدىن ھېچقانچە نەرسە تەگمەيدۇ، ئەگەر بۇنى خەلىپىگە ئەۋەتىپ بەرسەك قوشۇلامسىلەر؟ دېدى. كۆپچىلىك بىردەك: قوشۇلىمىز، دېدى.

ئۇ بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى كىچىك بىر ساندۇقچىغا سېلىپ قەۋمىدىن بولغان بەنى ئەشجەئەلىك بىر كىشىنى تاللاپ ئۇنىڭغا: سەن خىزمەتچىڭ بىلەن بىللە مەدىنىگە بارغىن، خەلىپىگە غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزگەچ بۇ زىننەت بۇيۇمىنى ئۇنىڭغا تەغدىم قىل! دېدى.

بەنى ئەشجەئىلىك بۇ ئادەم بىلەن ئۆمەرنىڭ ئۇچرىشىشىغا دائىر مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ۋەقەلىك بولۇپ ئۇنى بىز بۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن قىلغان بايانىدىن ئاڭلايلى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

مەن خىزمەتچىم بىلەن بوسراغا باردىم، بىز سەلەمە بەرگەن پۇلغا ئىككى ئۇلاغ سېتىۋىلىپ، يۈك - تاقلىرىمىزنى ئۇنىڭ ئۇستىگە تېڭىپ مەدىنىگە يول ئالدۇق، بىز مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا ئۇ يەردىن مۇئمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنى ئىزلەپ ئۇنى كىشىلەرگە ئەتىگەنلىك تاماق بېرىۋاتقان يېرىدىن تاپتۇق، ئۇ پادىچىلارنىڭ ھاسىسىغا تايىنىۋالغان بولۇپ خىزمەتچىسى يەرفەئگە: ئى يەرفەئ بۇلارغا گۆشنى جىقلاپ قوي!... ئاۋۇلارنىڭ نانلىرىنى تولۇقلا... ماۋۇلارنىڭ شورپىسىنى جىقلاپ قوي... دەپ تاۋاقلار ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە ئۇ ماڭا: قېنى ئولتۇر! دېدى. مەن كىشىلەرگە يېقىنلا جايدا ئولتاردىم، ماڭا تاماق كەلتۈرۈلدى، مەن تاماقنى يېدىم، كىشىلەر تاماقلىرىنى يەپ بولغاندا ئۆمەر: ئى يەرفەئ! قاچاڭنى كۆتۈر، دەپلا ماڭدى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم.

ئۇ ئۆيىگە كىرگەندە مەنمۇ كىرىشكە ئىجازەت سورىدىم، ماڭا ئىجازەت بەردى، ئۇ پالاز ئۈستىدە قوۋزاق تىقىلغان ئىككى ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئولتارغان ئىدى، ئۇ ياستۇقتىن بىرنى ماڭا تاشلاپ بەردى، مەن ئۇنىڭدا ئولتۇردۇم، ئۇ ئارقىسىدىكى پەردىگە قاراپ: ئۇممۇ كۇلسۇم! بىزگە ناشتىلىق بېرىڭ! دېدى. مەن كۆڭلۈمدە خەلىپىنىڭ ئۆزىگە خاس تامىقى قانداقتۇ؟ دەپ ئويلىدىم، ئۇممۇ كۇلسۇم تۇزلىرى يۇمشىمىغان بىر مايلىق ناننى سۇندى، ئۆمەر ناننى قويۇپ: يېگىن! دېدى. مەن ئازراق يېدىم، مەن ئۇنىڭدەك ھۇزۇرلىنىپ يېگەن كىشىنى كۆرمىگەن ئىدىم. ئاندىن ئۇ: بىزگە ئۇسسۇلۇق بېرىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىزگە ئارپا شەربىتىدىن قىلىنغان ئىچىملىك قاچىسى كەلتۈرۈلدى. ئۇ: ئاۋال بۇ كىشىگە بېرىڭلار! دېۋىدى ماڭا بەردى، مەن ئازراق ئىچتىم، ھەتتا مېنىڭ شەربىتىم ئۇنىڭكىدىن تاتلىق ۋە ئېسىل ئىكەن. ئۇمۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن: بىزگە تاماق بېرىپ تويغۇزغان، ئىچىملىككە قاندۇرغان الله غا مەدھىيىلەر بولسۇن! دېدى.

مەن ئۇنىڭغا: سىلىگە مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەنىدىم، دېدىم.

ـ كىمدىن؟

ـ سەلەمەتۇ ئىبنى قەيستىن.

ـ سەلەمە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى قارشى ئالىمىز، ماڭا قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىدىن سۆزلەپ بەرگىن!

ـ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەھۋال سىلى ئويلىغاندەكلا ياخشى، الله نىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن نۇسرەت قازاندۇق...

ـ الله غا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى! ئۇ بەردى، ئارتۇق قىلدى... نېئمەت بەردى، چەكسىز قىلدى... سىلەر بۇسرادىن ئۆتتۈڭلارمۇ؟

ـ شۇنداق، ئۆتتۇق.

www.munber.org

ـ ئۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىرى قانداقراقكەن.

ـ اللّٰه نىڭ ياردىمى بىلەن ياخشى تۇرۇپتۇ؟

ـ باھا قانداقراق؟

ـ بەك ئەرزانچىلىق.

ـ گۆشچۇ؟ گۆش دېگەن ئەرەبلەرنىڭ ئاساسلىق نەرسىسى، ئەرەبلەر گۆش ئارقىلىقلا ياخشىلىنالايدۇ.

ـ گۆشمۇ مولچىلىقكەن.

ـ يېنىڭدىكى نېمە ئۇ؟

ـ بىز اللّٰه نىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن غەنىمەتلەرنى يىغقان ئىدۇق، سەلەمە بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆرۈپ: بۇ زىننەت بۇيۇملىرى سىلەرگە تەقسىملەنسە سىلەرگە بۇنىڭدىن ھېچقانچە نەرسە تەگمەيدۇ، ئەگەر بۇنى خەلىپىگە ئەۋەتىپ بەرسەك قوشۇلامسىلەر؟ دېدى. كۆپچىلىك بىردەك: قوشۇلىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نەرسىلەرنى سىلىگە ئېلىپ كەلدىم، دېدىم.

ساندۇقنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقىنىمدا ئۇ ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىزىل، يېشىل، سېرىق رەڭدىكى جۇلالىنىپ تۇرغان ئالماس، ياقۇتلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە ساندۇقنى تاشلىۋەتتى. بۇ نەرسىلەر ھەممە يەرگە چاچراپ كەتتى.

ئاياللار مېنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى يوشۇرۇۋالىدۇ، دەپ ئويلىغاندەك پەردە تەرەپكە يېقىنلاشتى. خەلىپە ماڭا: ئۇلارنى يىغىشتۇر! دېدى.

مەن ئۇ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقىنىمدا ئۇ خىزمەتچىسىگە: ئۇنى ئۇرغىن، ئاغرىغىدەك ئۇر! دېدى. مەن يەردىكى نەرسىلەرنى تىرەتتىم، يەرفەئ مېنى ئۇراتتى.

www.munber.org

خەلىپە: سەن ۋە خىزمەتچىڭ قارشى ئېلىنمايدۇ، سەن بۇ يەردىن يوقال! دېدى. مەن: بىزگە بىز تاكى ئەھۋازغا يېتىۋالغىچە مىنگىدەك ئۇلاغ بەرگەن بولساڭ، سېنىڭ خىزمەتچىڭ بىزنىڭ ئۇلاغلىرىمىزنى ئېلىۋالغان، دېدىم.

ئۇ يەرفەئگە قاراپ: ئۇلارغا سەدىقە تۆگىلىرىدىن ئىككى تۆگە بەرگىن، دېدى. ئاندىن ماڭا: ئەگەر بۇ ئۇلاغلارنى ئىشلىتىپ بولغىنىڭدا سەندىنمۇ ئېھتىياجلىقراق بىرىگە بېرىۋەتكىن، دېدى.

- ماقۇل، شۇنداق قىلىمەن، الله خالىسا شۇنداق قىلىمەن.

- ئاگاھ بول! الله بىلەن قەسەمكى بۇ زىننەت بۇيۇملىرى ئەسكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈلۈپ بېرىلىشتىن بۇرۇن ئەسكەرلەر تارقىلىپ كېتىپ قالغان بولسا كۆرگىلىكىڭنى كۆرسۇتىمەن.

مەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئاتلىنىپ سەلەمەنىڭ قېشىغا كەلدىم ۋە ئۇنىڭغا: سەن مېنى بۇيرىغان ئىشتا الله ماڭا بەرىكەت بەرمىدى، ساڭا ۋە ماڭا بىرەر مۇسىبەت كېلىشتىن ئىلگىرى بۇنى قوشۇن ئىچىدە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋەت! دېدىم ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئۈلەشتۈرۈپ بولۇپ ئاندىن ئورنىدىن قوزغالدى.

الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

www.munber.org

# مۇئاز ئىبنى جەبەل

ئۇممۇتىمدىن ھالال ۋە ھارامنى
ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى مۇئاز
ئىبنى جەبەلدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ئەرەب يېرىم ئارىلى ھىدايەت، ھەقىقەت نۇرىدا پارلىغان ۋاقىتتا يەسرىبلىك بۇ بالا يەنە مۇئاز بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا ئىدى. ئۇ تىلىنىڭ پاساھەتلىكلىگى، ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، چېچەن، سەزگۈرلىكى، ھىممىتىنىڭ يۇقىرلىقى بىلەن تەڭتۇشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كۆرۈنىشى چىرايلىق، قارا كۆز، قەددى قامىتى كېلىشكەن يىگىت بولۇپ بۇدۇر چاچلىرى ئۇنىڭ ئاپپاق پاقىراق چىشلىرى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

بۇ يىگىت مەككىلىك دەۋەتچى يىگىت مۇسئەبنىڭ قولى بىلەن ئىسلام كەلتۈرگەن بولۇپ ئەقەبە كېچىسى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قوللىرىغا ياشلىق ئۇرغۇپ تۇرغان قوللىرىنى قويۇپ بەيئەت قىلغان ئىدى. مۇئاز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق بەختكە، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش بىلەن شەرەپكە ئېرىششىنى مەقسەت قىلىپ مەدىنىدىن يولغا چىققان 72 كىشىنىڭ ئىچىدىن بىرى ئىدى.

بۇ يىگىت مەككىدىن بەيئەت قىلىپ مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن بۇتلارنى چېقىش ئىشىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىشقا، دوستلىرىنى ھەم بۇ ئىشقا يېتەكلەشكە باشلىدى.

www.munber.org

ئۆلارنىڭ سەۋەبىدىن مەدىنىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى بولغان ئەبرۇ ئىبنى جۇمۇھ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

ئەمرى ئىبنى جۇمۇھ مەدىنىدىكى بەنى سەلەمە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ۋە مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇمۇ باشقا مۆتىۋەرلەردەك ئۆزى ئۈچۈن ئىسىل ياغاچتىن ئىسىل بىر بۇت ياساتقان بولۇپ ئۇ بۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇنى يىپەك يۇپۇقلار بىلەن بىزەپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنى مايلاپ، خۇش بۇراق نەرسىلەرنى چېچىپ تۇراتتى.

مۇئاز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ بۇتىنى قاراڭغۇ كېچىدە ئېلىپ چىقىپ بەنى سەلەمە قەبىلىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر جايدىكى پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلىۋەتتى. ئىككىنچى كۈنى ئەمرۇ بۇتىنى تاپالمىغاندىن كېيىن تەرەپ - تەرەپلەرنى ئىزدەشتۈردى، ئاخىردا ئۇنى ئەخلەت - چاۋىلارنىڭ ئارىسىدىن تېپىپ چىقىپ: خەپ سىلەرنى! بىزنىڭ ئىلاھىمىزغا كېچىدە مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغان زادى كىمدۇ؟ دەپ ئاچچىغلاپ، ئۇنى يەنى يۇيۇپ، تازىلاپ، ماي سۈرۈپ، ئەتىر بىلەن خۇشبۇيلاپ قويدى ۋە ئۇنى ئورنىغا قويغاندىن كېيىن: ئى مانات! ساڭا كىمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسام اللّٰه بىلەن قەسەمكى، ئۇنى رەسۋا قىلىۋېتەتتىم، دېدى.

ئىككىنچى كۈنى كېچىدە ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا ھېلىقى ياشلار يەنە كېلىپ ئالدىنقى كۈندىكى ئىشلارنى يەنە تەكرارلىدى. ئۇ ئەتىسى يەنە بۇتىنى ئىزلەپ باشقا بىر ئازگالدىن تاپقاندىن كېيىن يۇيۇپ، تازىلاپ ئەتىر سۈرۈپ يەنە ئورنىغا قويدى ۋە بۇنداق قىلغانلارنى تازا تىللاپ قاغىدى.

بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەردى، ئۇمۇ بۇتىنى ئىزلەپ تېپىپ تازىلاپ يەنە بۇرۇنقى ئورنىغا قوياتتى. بىر كۈنى ئۇ بۇتىنىڭ قېشىغا

www.munber.org

قىلىچىنى قويۇپ بۇتقا قاراپ: اللە بىلەن قەسەمكى، ساڭا بۇ ئىشلارنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى مەن بىلمەيمەن، ئى مانات! ئەگەر سەندە ياخشىلىق بولسا سەن ئۆزەڭنى قوغدا، بۇ قىلىچ سەن بىلەن بىرگە، دېدى.

كەچ كىرگەندە ياشلار يەنە كېلىپ بۇتنىڭ بويىندىن قىلىچنى ئېلىۋالدى ۋە ئۇنى بىر ئۆلۈك ئىتنىڭ بويىنغا باغلاپ ئازگالغا تاشلىۋەتتى، ئەمرۇ ئەتىسى بۇتنى ناھايىتى بەك ئىزدەپ ئاخىرى ئۆلۈك ئىت بىلەن باغلانغان ھالدا ئازگالدا ياتقان يېرىدىن تاپتى ۋە:

اللە نىڭ نامىدىن قىلايكى قەسەم،
ئەمەسسەن ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئىلاھ.
گەر بولساڭ ئەگەردە ھەقىقىي ئىلاھ،
تۇرمايتتىڭ ئىت بىلەن ھەرگىزمۇ بۇنداق!

دەپ بولۇپ بۇتىدىن ۋاز كېچىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىسلامى ياخشى بولغانلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن مۇئاز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولدى، ئۇنىڭدىن قۇرئاننى، ئىسلامنىڭ شەرئىي قانۇنلىرىنى ئۆگەندى، ھەتتا ئاخىردا ساھابىلارنىڭ ئىچىدە اللە نىڭ كىتابىنى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغانلاردىن، اللە نىڭ شەرئەتلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلاردىن بولۇپ قالدى.

يەزىد ئىبنى قۇتەيب ئۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: مەن ھۇمۇستىكى بىر مەسجىدكە كىرىپ چېچى بۇدرە بىر يىگىتنى كۆردۈم، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىۋالغان بولۇپ ئۇ ھەر بىر ئېغىز سۆز قىلسا ئۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن خۇددى ئۇنچە تۆكۈلگەندەك

www.munber.org

دانە، دانە چىققاتتى. مەن بىرىپ: ئۇ كىم؟ دەپ سورىسام ماڭا: ئۇ مۇئاز ئىبنى جەبەل، دەپ جاۋاب بىرىلدى.

ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانى مۇنداق دەيدۇ، مەن دەمەشقتىكى بىر مەسجىدكە كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بۇ يەردە سورۇن تۈزۈشۈپتۇ، ئۇلار ئارىسىدا كۆزلىرى قارا، چىشلىرى نۇرلۇق بىر يىگىت بار ئىدى، ئۇلار ھەر قېتىم بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا ھېلىقى يىگىتتىن ئۇ ھەقتە سورىشاتتى، مەن ئۇلاردىن: ئۇ كىم؟ دەپ سورىسام: مۇئاز ئىبنى جەبەل، دېيىشتى.

ئۇنىڭ بۇنداق مەرتىۋىگە ئېرىشىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى مۇئاز ئىرناقلىرى يۇمران، كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ، مول بىلىم بۇلاقلىرىدىن سۇغۇرۇلغان. ئۇ ئىلىمنى ئەسلى مەنبەسىدىن ئالغان بولغاچقا ئۇ ياخشى ئۇستازنىڭ ياخشى شاگىرتى ئىدى. بۇ توغرىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇممۇتىمدىن ھالال ـ ھارامنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى مۇئاز ئىبنى جەبەل» دېگەن سۆزى ئۇنىڭغا بىرىلگەن ئەڭ ياخشى باھادۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قۇرئاننى توپلىغان ئالتە كىشىنىڭ بىرى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى مۇئاز بار سورۇندا سۆز قىلىشقا توغرا كەلسە ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ قالاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئىككى خەلىپىسى ئۇنىڭ ئىلىمنى ئەڭ مۇكەممەل بىر مەنپەئەتلىك ئورۇنغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ الله نىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەككىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيدكە تاپشۇردى، كىشىلەرنىڭ دىنىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ شەرئىي

www.munber.org

بەلگىلىمىلىرىنى بىلىۋېلىشقا يارىدەمچى بولۇش ئۈچۈن مۇئازنى ئۇستازلىققا قالدۇردى.

يەمەن پادىشاھانىڭ ئەلچىلىرى يەمەندە قالغان، يېڭىدىن دىننى قوبۇل قىلغانلارغا دىن ئۆگىتىدىغان بىرىلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار ئىچىدىن بىر قانچەيلەننى اللە نىڭ دىنىغا چاقىرىدىغان ئۇلۇغ دەۋەتچىلىك ئىشىغا بۇيرىدى ۋە مۇئازنى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ سايلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرىغا ياندىشىپ پىيادە چىقتى. مۇئازمۇ ئۇلاغ ئۈستىدە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى مۇئازغا قىنىۋالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق بىرگە ماڭدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلىپ: ئى مۇئاز! بەلكىم بىر يىلدىن كېيىن مېنى كۆرەلمەسلىكىڭ، بەلكىم مەسجىدتىن، مېنىڭ قەبرەمنىڭ قېشىدىن ئۆتۈشىڭ مۇمكىن... دېدى. مۇئازنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىۋەتتى، باشقا ساھابىلارمۇ يىغلىۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك مۇئاز شۇ كەتكىنىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايتا كۆرەلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يىل ۋاپات بولدى. مۇئاز مەدىنىگە كېلىپ مەدىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ چۆلدەرەپ قالغاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئۆمەر خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا مۇئازنى كىلاب قەبىلىسىنىڭ ماللىرىنى تەقسىم قىلىپ، بايلارنىڭ سەدىقىسىنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىشكە ئەۋەتتى، ئۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىپ بولۇپ ئايالىنىڭ قېشىغا ئۆيدىن چىققاندا يەلكىسىگە يۆگەپ چىققىپ كەتكەن يېپىنچىسى بىلەن قايتىپ كەلگەندە ئايالى: باشقىلار

ئائىلىسىگە ھەدىيە قىلىپ ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىنىمۇ ئېلىپ كەلمىدىڭىزمۇ؟ دېدى.

مۇئاز: مەن بىلەن بىرگە مەندىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇدىغان بىر كۆزەتچى بار، دېدى. ئايالى: سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانىدا ئۇلارنىڭ نەزىرىدا ئىشەنچلىك ئىدىڭىز، ئۆمەرنىڭ سىزگە نازارەتچى قويغىنى نېمە قىلغىنى؟ دېدى ۋە بۇ ئىشلارنى ھەتتا ئۆمەرنىڭ ئايالىغىچە ئاڭلاتتى، ئۆمەر ئايالىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا مۇئازغا: مەن سەن بىلەن بىرگە سېنى نازارەتچى قىلىپ تۇرۇدىغان بىرىنى ئەۋەتتىمۇ؟ دېدى. مۇئاز:

ياق! ئى مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! مەن بۇنداق دېيىشتىن باشقا بىرەر ئورۇنلۇق سەۋەپ تاپالمىغان ئىدىم، دېدى. ئۆمەر كۈلۈپ مۇئازغا ئازراق نەرسە بېرىپ: بۇنىڭ بىلەن ئايالىڭنى رازى قىل... دېدى.

شامنىڭ ۋالىيسى يەزىد ئىبنى ئەبۇ سوفيان ئۆمەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ: ئى مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى، شامدا كىشىلەر كۆپىيىپ شەھەرلەر توشتى، ئۇلار ئۆزلىرىگە قۇرئان ئۆگەتىدىغان، دىنىنى چۈشەندۈرىدىغان بىرىگە مۇھتاج، ماڭا بۇ ئىشتا ياردەم قىلساڭ، دېدى.

ئۆمەر دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قۇرئان توپلىغان كىشىلەرنىڭ بەشسىنى چاقىردى، ئۇلار مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبادە ئىبنى سابىت، ئەبۇ ئەيۇبى ئەنسارى، ئۇبەيدە ئىبنى كەئەب ۋە ئەبۇ دەردائىلار ئىدى. ئۆمەر ئۇلارغا: شامدىكى قېرىنداشلىرىڭلار ئۆزلىرىگە قۇرئان ئۆگىتىپ، دىن چۈشەندۈرۈدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپتۇ، سىلەردىن ئۇچۇڭلار ماڭا ياردەم بېرىڭلار، سىلەر خالىساڭلار چەك

www.munber.org

تاشـلاڭلار، يـاكى مـەن تـاللاي، الله سلەرگـە رەھمـەت قىلسـۇن، دېدى.

ئۇلار: نېمىشقا چەك تاشلىغۇدەكمىز، ئـەبۇ ئـەييۇپ ياشىنىپ قالغان كىشى، ئۇبـەيدە بولسا كېسـەلچان، مانا ئۇچىمىـز قالدۇق، دېدى.

ئۇنـداق بولسا ئـاۋۋال سـىلەر ئۇچـىڭلار بىرلىكتـە بېـرىڭلار، ئەگەر سىلەر ئۇ يـەردىكى كىشىلەردىن رازى بولساڭلار، بـېرىڭلار قـېلىپ بـېرىڭلار پەلەستىنگـە، بـېرىڭلار دەمەشـىققە بېـرىڭلار، دېدى.

ئـۇلار ئۆمـەرنىڭ بۇيـرىقى بۇيىچـە ئـاۋۋال كۆپـچىلىككە بـىراقلا بېرىـپ ئاندىن كېيىـن ئـۇ يـەردە ئۇبـادە ئىبنى سابىتنى قالدۇرۇپ ئەبۇ دەردا دەمەشىققە، مۇئاز پەلەستىنگە ماڭدى.

مۇئاز ئۇ يـەردە ۋابا كېسىلىگـە گىرىپتار بولـۇپ قـالدى، ئۆلـۈم ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا قىبلىگە قاراپ:

قارشى ئالىمەن ئۆلۈمنى،

يوقلىغۇچى ئۇ يوقۇغۇچىنى،

ئىشتىياق ئۇستۈگە كەلگەن دوستنى،

دېگـەن بېيىتلـەرنى قايتـا ـ قايتـا ئوقـۇپ ئـاخىردا ئاسـمانغا قاراپ: ئى الله! سەن مېنىڭ كۆچەت تىكىـپ، ئۆستەڭ ئـاقتۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئۇزۇن ياشاشنى خالايدىغانلاردىن ئەمەسلىكىمنى ئوبدان بىلىسەن، ئى الله! مېنىڭ جېنىمنى مۇئمىنلـەرنىڭ روھىـنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلغىن... دېدى.

www.munber.org

